باتۇر داۋۇت

# تاغىل ئاسلان ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى



شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

باتۇر داۋۇت

# تاغىل ئاسلان ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى

(هايۋانات ھەققىدە ئىلمي ھېكايىلەر)

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: زەينەپ موسا
مەسئۇل كوررېكتورلىرى: ئابلىز ئابباس
دىليار تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

# تاغىل ئاسلان ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى

(ھايۋانات ھەققىدە ئىلمىي ھېكايىلەر)

ئاپتورى: باتۇر داۋۇت

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 - قورۇ، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092×787مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 5.25
2002 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
2002 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN7 — 5371 — 4097 — 9/I.1970
سانى: 1—4000
باھاسى: 6.50 يۈەن

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

## مۇندەرىجە

سىرلىق دورا ........................................ 1
تاغىل ئاسلاننىڭ خىرىلدىشى ........................ 5
تىمساھنىڭ كۆز يېشى ............................ 9
ئۇقۇشماسلىق........................................ 15
چاشقاننىڭ چىشى ................................... 19
تاغىل ئاسلاننىڭ ھۈنەر ئۆگىنىشى ..................... 26
بۆغىچاقنىڭ شادلىقى.................................. 30
كۆڭۈللۈك ئۆتكەن كەچكى ئولتۇرۇش .................. 34
كىتابخۇمار قوزىچاق ................................. 39
يولۋاس بىلەن بەسلىشىش ........................... 43
قوزىچاقنىڭ يېڭى دوستى ............................. 49
قەھرىمان قارا چۈمۈلە ............................... 56
ياردەمگە موھتاج بولغان قىسقۇچپاقا.................. 60
مايمۇنچاقنىڭ «پېشكەللىك» كە يولۇقۇشى................ 67
تاغىل ئاسلان ساقچى بولدى .......................... 73
ئافرىقىلىق مېھمان ................................. 83

«ئۇچار پۇت» نى زىيارەت قىلىش ........................ 94
ئىسسىق بەلۋاغ ياپىلىقىدىكى ھايات ـ ماماتلىق جەڭ ... 105
يىلاننىڭ «پۇتى» ...................................... 119
ھايۋانات شاھى كىم؟ .................................... 133
چاشقاننىڭ غەلىتە ئۆلۈمى ................................ 149

# سىرلىق دورا

تاغىل ئاسلان سائەت قوڭغۇرىقىنىڭ كۆچلۈك جىرىڭلە-
شىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ،
ئېرىنچەكلىك بىلەن سوزۇلغىنىچە، كارىۋات بېشىدىكى سا-
ئەتنىڭ قوڭغۇرىقىنى توختىتىپ قويدى. ئۇ دوستلىرى بى-
لەن بۈگۈن سەھەردە ئورمانلىققا بېرىپ ئويناشقا ۋەدىلىشىپ
قويىغان بولسا يەنە بىردەم راھەتلىنىپ ئۇخلىۋالغان بولات-
تى. چۈنكى، ئۆسمۈرلەر سارىيىدىكى خىلمۇ خىل قىزىقار-
لىق پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش بىلەن ئۆتكەن بىر كۈن ئۇنى
قاتتىق چارچىتىۋەتكەچكىمۇ پەقەت ئۇيقۇسى قانمىغانىدى.
بىراق، ئۇ ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان ناچار قىلىققا ئىنتا-
يىن ئۆچ بولغاچقا، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ئىشىكنى
ئاچتى ـ دە، كۆزلىرى قامىشىپ، خۇشاللىقتىن بۇرۇتلىرى
لىپىلداپ كەتتى. مامۇقتەك يۇمشاق قار بىر كېچىدىلا ئەت-
راپنى ئاپئاق لىباس بىلەن چۈمكىۋەتكەنىدى. «ۋاھ، ئور-
مانلىققا بارمىساقمۇ بۈگۈنكى ئويۇنىمىز بەك كۆڭۈللۈك بو-
لىدىغان بولدى.»
تاغىل ئاسلان شۇنداق خىيال بىلەن كوچىغا چىقتى.
ئۇزۇن تۈكلۈك كۈچۈك بىلەن مۇلايىم قوزىچاق ئەستايىدىل-
لىق بىلەن قار بوۋاي ياساۋاتاتتى. سەل نېرىدا قىيا ـ چىيا
قىلىشىپ سىرىق تۈمشۇق ئۆردەك چۈجىسى، شوخ ئوغلاق-

جانلار بىر ـ بىرىگە قار پومزىكى ئېتىشىپ ئويناۋاتاتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئويۇن ـ تاماشىغا ھەممىدىن ئامراق كەپسىز مايمۇنچاق كۆرۈنمەيتتى.

— مايمۇنچاقنى كۆردۈڭمۇ؟ — دەپ سورىدى تاغىل ئاسلان، ئىككى تال كۆمۈر پارچىسىنى قار بوۋاينىڭ كۆزى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقان ئۇزۇن توكلۇك كۇچۇكتىن.

— ياق، كۆرمىدىم، — دېدى ئۇ.

«ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بولمىسا چوقۇم بۇ چاغقىچە چىقىپ بولغان بولاتتى» دەپ ئويلىدى تاغىل ئاسلان. شۇ ئارىدا «پاق» قىلىپ بىر قار پومزىكى بېشىغا تەگدى ـ دە، چېچىلىپ كەتكەن قار بوينىغا كىرىپ ئەندىكتۈرۈۋەتتى. ئۇ بىر ئوچۇم قارنى پومزەك قىلىپ، «ئوق»نى «نىشان»غا دەل تەگكۈزەلىگىنىدىن خۇش بولۇپ كەتكەن شوخ ئوغلاقجانغا ئاتماقچى بولدىيۇ، كەپسىز مايمۇنچاق ھەققىدە كۆڭلىدە پەيدا بولغان ئەندىشىلىك خىيال ئېسىگە كېلىپ توختاپ قالدى.

— ھوي، نەگە ماڭدىڭ؟ — دەپ ۋارقىرىدى شوخ ئوغلاقجان قولىدىكى قار پومزىكىنى تاشلىۋېتىپ ئۇدۇل كېتىۋاتقان تاغىل ئاسلانغا ھەيران بولۇپ.

— مايمۇنچاقنىڭ ئۆيىگە بېرىپ باقاي.

— ئەنسىرەپ كەتمە، بىردەمگىچە كېلىپ قالار...

تاغىل ئاسلان كەپسىز مايمۇنچاقنىڭ ئۆيىگە ئۇچقاندەك يېتىپ كەلدى. ئۇ ئىشىك ئالدىدىكى قارغا ئىز چۈشمىگىنىگە دىققەت قىلدى. تاغىل ئاسلان ئىشىك قوڭغۇرىقىنى خېلى ئۇزۇنغىچە كۇچەپ باسقان بولسىمۇ، ھېچقانداق سادا چىقمىدى. شۇڭا ئۇ ئىككىلەنمەيلا دېرىزىنىڭ بىر كۆز ئەينىكىنى چاقتى ـ دە، ئۆيگە كىرىپ، كەپسىز مايمۇنچاقنىڭ ھۇجرى-

سىغا قارىدى. كەپسىز مايمۇنچاق كارىۋاتتا خۇددىنى بىلمەي ياتاتتى. ئۇنىڭ بەدەنلىرى ئوتتەك قىزىپ كەتكەنىدى.

«ئاپلا ئاغرىپ قاپتۇ ئەمەسمۇ، ئۇ ئەمدى بىز بىلەن بىللە ئوينىيالمايدىغان بولدى ـ دە؟!»

تاغىل ئاسلان ئۇنى دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپاردى.

— ئېغىر زۇكامداپ قاپتۇ. كېرەك يوق، بىر تال ئوكۇل ئۇرساملا ئوڭشىلىپ قالىدۇ، — دېدى دوختۇر پىل كەپسىز مايمۇنچاقنى تەكشۈرۈپ بولۇپ ۋە تاغىل ئاسلان كۆرۈپ باقمىغان قىزغۇچ رەڭلىك غەلىتە ئوكۇل سۇيۇقلۇقىنى مايمۇنچاققا ئۇردى.

ئۇزاق ئۆتمەيلا كەپسىز مايمۇنچاقنىڭ روھىي ھالىتى ياخشىلىنىپ، ئۆزىنى يەڭگىللەپ قالغاندەك سەزدى.

— بۇ قانداق ئوكۇل؟ — دەپ سورىدى تاغىل ئاسلان تېز تەسىر قىلىدىغان بۇ ئاجايىپ شىپالىق دورىغا ھەۋەسلىنىپ.

— نورۇز بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدە نەتىجىگە ئېرىشكەنلەرنى خالىسانە قان تەقدىم قىلىشقا چاقىرىق قىلغىنىمىز ئېسىڭلاردا بارمۇ؟! بۇ ئارغامچىغا يامىشىپ ئېگىزگە چىقىش تۈرىدە چېمپىيون بولغان كەپسىز مايمۇنچاقنىڭ ئۆزىنىڭ قېنى.

— بۇ قانداقمۇ دورا بولسۇن، — دېدى كەپسىز مايمۇنچاق كۆزىنى چىمچىقلىتىپ.

— روھىي كەيپىياتى كۆتۈرەڭگۈ كىشىلەرنىڭ قېنى باشقىلارغا بېرىلگەندە، ئۇلاردا جۇشقۇن ھالەت شەكىللىنىدۇ. بۇ ئالىملارنىڭ نۇرغۇن يىل كلىنىكىلىق تەتقىقات ئارقىلىق ئېرىشكەن يېڭى بايقىشى، — دېدى دوختۇر پىل چۈشەندۈرۈپ، — كىشىلەرنىڭ چوڭ مېڭىسى ۋە مېڭە ئاستى

بىزى ئاجرىتىپ چىقارغان گورمونلار قانغا نىسبەتەن روشەن تەسىر كۆرسىتىدۇ. روھىي كەيپىياتى ياخشى ۋاقىتلاردا ئاجرىلىپ چىققان گورمونلار قان ئايلىنىشقا تەسىر قىلىپ، لىمفا ھۈجەيرە، يۇتقۇچى ھۈجەيرە قاتارلىق ئىممۇنىتېتلىق ھۈجەيرىلەرنى تېتىكلەشتۈرۈپ، بىمار سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى تېزلىتىدۇ، ئەكسىچە روھى چۈشكەن ۋاقىتلاردا ئاجرىلىپ چىققان گورمونلار قانغا نىسبەتەن سەلبىي رول ئويناپ، ئىممۇنىتېت كۈچىنى تۆۋەنلىتىپ، بىمارنىڭ ئازابىنى ئۇزارتىۋېتىدۇ ھەمدە يۇقۇملىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

— شۇڭا قان بەرگۈچىنىڭ كەيپىياتى ياخشى ۋاقىتلارنى تاللاش بىر مۇھىم تەدبىر، — دېدى تاغىل ئاسلان، — بۇنىڭدىن باشقا، ساغلام كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، خۇشال بولغاندا ياكى نەتىجىگە ئېرىشكەندە، بەلگىلىك مىقداردىكى قاننى ئېلىپ، قان ئامبىرىدا ساقلاپ قويۇش بىر ئاقىلانە ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى كېيىن مەزكۇر كىشى ئاغرىپ قالغاندا، ھادىسىگە ئۇچرىغاندا ياكى خامۇشلۇق كۆرۈلگەندە، ئۆزىنىڭ قېنىنى بەرسە، شەك - شۈبھىسىزكى، ناھايىتى روھلىنىپ ساغلاملىشىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ ھەرقانداق ئېسىل سۈنئىي دورىلاردىنمۇ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

— شۇنداق.

ئىككى دوست دوختۇر پىل بىلەن خوشلىشىپ ناھايىتى خۇشال ھالدا يۈگۈرۈپ چىقتى - دە، بېرىپلا قار پومزىكى ئويناۋاتقانلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى.

# تاغىل ئاسلانىنىڭ خىرىلدىشى

ئىللىق شامال باھارنى يېقىنلاشتۇردى. دالىلارنى ئاپ-ئاق لىباسقا چۇمكىگەن قارلار ئېرىپ، ئەمدى كۆكىرىشكە باشلىغان نەم تۇپراقتىن يېقىملىق ھىد تارقالدى.

«پاھ، پاھ، ھاۋا نېمىدېگەن ئوچۇق! قۇياشنىڭ ئال-تۇن نۇرلىرى ئاستىدا تاۋلىنىپ ياتقان تەبىئەت نېمىدېگەن گۈزەل، مۇشۇنداق چاغدا قانغۇدەك ئويناش نېمىدېگەن كۆ-ڭۈللۈك ـ ھە!»

كەپسىز مايمۇنچاق ھويلىدىكى يوغان دەرەخكە چىقىپ شاختىن شاخقا سەكرەپ ئويناپ، بىر دەمدىلا ئويۇندىن زېرىك-تى. چۈنكى، يالغۇز ئوينىغاننىڭ نېمە مەززىسى بولسۇن.

«ھەببەللى، تاغىل ئاسلاننى تاپمايمۇ؟! ئۇنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىرىنى ئىشقا سېلىپ تامغا، دەرەخكە يامىشىشى، چاشقاننى چەبدەسلىك بىلەن تۇتۇشى، بەللىرىنى ئېگىپ سو-زۇلغان ھەرىكىتى كىمنى قىزىقتۇرمىسۇن. شۇنداق قىلاي، ئۇنى ئىزدەي.»

كەپسىز مايمۇنچاق ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى يوغان ياپىلاق تاشنىڭ ئۈستىدە ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتقان تاغىل ئاسلاننى كۆرۈپ، كۆڭلىدە: «كۈپكۈندۈزدىمۇ بەخىرامان ئۇخلاپ يات-قىنىنى بۇنىڭ، بوپتۇ، ئۇخلىۋالسۇن، ئۇنى ساقلاپ تۇراي» دېگەنلەرنى ئويلىدى ۋە تاشنىڭ بىر بۇرجىكىدە ئولتۇرۇش ئۈچۈن يېقىنلاپ كەلدى ـ دە، تاغىل ئاسلاننىڭ گېلىدىن چىقىۋاتقان خىرىلدىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى.

«ئاپلا، ئۇ ئاغرىپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ قارىغاندا كېسىلى خېلى ئېغىردەك قىلىدۇ؟!» كۆڭلىنى ئەندىشە قاپلىۋالغان كەپسىز مايمۇنچاق ئۆزى ئاغرىپ قالغان چاغدا تاغىل ئاسلاننىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئەسلەپ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

«ئۇنىڭغا قانداق ياردەم قىلسام بولار، بۇ يەردە تۇرۇۋەرگىنىمنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوققۇ، ئەڭ ياخشىسى دوختۇر چاقىرىپ كەلگىنىم تۈزۈك ئوخشايدۇ.»

كاللىسى قاتقان مايمۇنچاق تېزلا بىر قارارغا كەلدىدە، دوختۇر پىلنىڭ ئۆيىگە قاراپ چاپتى. ئۇ بۈگۈن دوختۇر پىلنىڭ ئۆيىدە دەم ئالىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

— ھوي، مايمۇنچاق، بۇنچە ئالدىراش قەيەرگە ماڭدىڭ؟ — دەپ سورىدى يولدا ئۇچراپ قالغان ئۆزۈن تۈكلۈك كۈچۈك ھەيران بولۇپ.

— تاغىل ئاسلان ئاغرىپ قاپتۇ. دوختۇر چاقىرغىلى ماڭدىم، — دېدى مايمۇنچاق توختىماستىنلا جاۋاب بېرىپ.

ئۇ دوختۇر پىلنىڭ ئۆيىگە يېقىن كەلگەندە، ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى كۆكتاتلىقىدا ئىشلەپ، چارچىغان ھالدا مۈرىسىگە كەتمەننى ئېلىپ قايتىپ چىقىۋاتقان دوختۇر پىل بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.

— بەك ئەنسىرەپ كەتمە، مايمۇنچاق، — دېدى دوختۇر پىل ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تەرگە چۆمگەن كەپسىز مايمۇنچاقنى خاتىرجەم قىلىشقا تىرىشىپ، — مەن ھازىرلا بېرىپ، تاغىل ئاسلاننى تەكشۈرۈپ باقاي.

دوختۇر پىل كەتمەننى قويۇپ، ئۆيىدىن دوختۇرلۇق سومكىسىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇلار تاغىل ئاسلاننىڭ ئۆيىد-

گە كەلگەندە، ئۇ ئاۋۋالقىدەك تاش ئۈستىدە سۇنايلىنىپ ياتاتتى. دوختۇر پىل سومكىسىدىن تىڭشىغۇچنى ئالدى - دە، تاغىل ئاسلاننىڭ يۇرەك سوقۇشىنى تەكشۈرمەكچى بو- لۇپ، ئېڭىشىپلا كەينىگە ياندى ۋە مايمۇنچاققا قاراپ كۇلۇپ كەتتى.

— دوختۇر، سىزگە نېمە بولدى؟ — دېدى قاتتىق تەئەججۇپلەنگەن مايمۇنچاق گاڭگىراپ.

— ئۇ نەدىمۇ ئاغرىق بولسۇن، ئەنە ساپساقلا تۇرمامدۇ!

— ئۇنىڭ گېلىدىن چىقىۋاتقان خىرىلدىغان ئاۋازنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟ — ئەستايىدىل تەكشۈرمىدى دەپ ئويلاپ قالغان كەپسىز مايمۇنچاق نارازى بولۇپ ئۇنىڭغا رەددىيە بەردى.

— بۇ خىرىلداش تاغىل ئاسلاننىڭ گېلىدىن ئەمەس، بەلكى يۇرىكىنىڭ ئەتراپىدىكى ئارتېرىيىدە قاننىڭ تومۇر تېمىغا سۈركىلىشىدىن چىققان ئاۋاز.

— مەن بۇنداق ئىشنى ئاڭلىماپتىكەنمەن، — دېدى كەپ- سىز مايمۇنچاق ئىشەنگۈسى كەلمىگەن ھالدا.

— بۇنداق خىرىلداش بارلىق مۇشۇكلەردىكى بىر خىل غەلىتە ھادىسە، — دېدى دوختۇر پىل چۈشەندۈرۈپ، — قان تومۇر ئارتېرىيە، ۋېنا دەپ ئايرىلىدۇ. قىزىل قان يۈرەكتىن كۆچەپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، تومۇرنىڭ تار قىسمىدىن ئۆتكەن چاغدا توسالغۇغا ئۇچراپ ئاۋاز چىقىرىدۇ. مۇشۇك تىنچ ياتقان چاغدا، بۇ ئاۋاز كاناي ئارقىلىق كېكىردەككە كېلىپ خىرىلدىغاندەك ئاڭلىنىدۇ. مۇشۇك ماڭغاندا قاننىڭ ئېقىشى تېخىمۇ كۆچەيگەچكە خىرىلداش تېخىمۇ ئەۋج ئېلى- شى مۇمكىن، لېكىن بۇنى ئاڭلىماق قىيىنغا توختايدۇ.

دەل شۇ چاغدا ئۆزۈن تۇكلۇك كۈچۈك، قارا كۆز قوزىچاق، سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسى ۋە شوخ ئوغلاق-جانلار قوللىرىدا ئېغىر بولاقلارنى كۆتۈرگىنىچە يېتىپ كەل-دى. ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن ئويغىنىپ كەتكەن تاغىل ئاسلان بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاستا كېرىلدى.

— مىجەزىڭ قانداقراق؟ — دەپ سورىدى ئۆزۈن تۇك-لۇك كۈچۈك كۆيۈنگەن هالدا.

— ياخشى، — دېدى تاغىل ئاسلان، — ئاپتاپقا قاقلى-نىپ تازا راهەتلىنىپ ئۇخلاپتىمەن.

— مايمۇنچاقتىن سېنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىڭنى ئاڭلاپ يوقلاپ كەلگەنىدۇق.

— مەن هېچقاچان ئاغرىپ قالمىغان، — دېدى تاغىل ئاسلان كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ. كۆپچىلىكنىڭ هەممىسى بۇ نېمە ئىش دېگەندەك كەپسىز مايمۇنچاققا قارىدى. خىجىل-لىقتىن يۈزى قىزىرىپ كەتكەن مايمۇنچاق بايا يۈز بەرگەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى ۋە ئاخىرىدا مۇنداق دېدى:

. — تاغىل ئاسلان مېنىڭ يېقىن دوستۇم بولسىمۇ، ئۇنىڭكى بۇنداق ئالاهىدىلىكىنى بىلمىگىنىمگە بەكمۇ ئەپ-سۇسلىنىمەن، دوختۇر پىلنىڭ بۇنى ماڭا چۈشەندۈرۈپ قوي-غىنىغا چىن قەلبىمدىن رەهمەت ئېيتىمەن.

— بولدى، خىجىل بولما، مايمۇنچاق، ئۇنىڭدىكى بۇن-داق ئەهۋالنىڭ سەۋەبىنى مەنمۇ بىلمەيتتىم، — دېدى مۇلا-يىم قوزىچاق.

— مەنمۇ شۇنداق.

— مەنمۇ...

كۆپچىلىك تاغىل ئاسلاننىڭ ئاغرىق ئەمەسلىكىدىن هەم

ئۇنىڭدىكى ئالاھىدىلىكنى بىلگەنلىكىدىن ناھايىتى خۇشال بولدى.

تاغىل ئاسلانچۇ؟ ئۇ ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇشۇنداق ياخشى دوستلىرىنىڭ بارلىقىدىن ئىنتايىن پەخىرلەندى، تېخىمۇ خۇشال بولدى.

## تىمساھنىڭ كۆز يېشى

سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۇجىسى سۇغا چۆمۈلۈشكە بەكمۇ ئامراق، ئۇ قورسىقىنى راسا تويدۇرۇۋېلىپ كەچ كىرگۈچە سۇدىن چىقماي ئوينىسىمۇ زادى زېرىكمەيدۇ.

ئۇ بۈگۈنمۇ كۆلگە بېرىپ تازا راھەتلىنىپ سۇ ئۈزدى. بېلىجانلارنى قوغلاپ، ئۈركۈتۈپ، ئۇلارنىڭ پىتىراپ قېچىشلىرىنى كۆرۈپ قاقاقلاپ كۈلدى. ئاندىن قىرغاققا چىقىپ چىملىقتا ئاستا ماڭدى. بېشىنى سىلكىپ سۇ تامچىلىرىنى چۈشۈردى. بويىنىنى سوزۇپ، قاناتلىرىنى كەردى، كۈن نۇرىدا ئاپئاق، سىلىق پەيلىرى يالتىراپ تۇراتتى.

ئۇ كۆلنىڭ ئىچىدە خۇددى دەرەخ كۆتىكىگە ئوخشايدىغان بىر نەرسىنىڭ لەيلەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئۇ قانداق نەرسىدۇر؟ قىزىقىش ئۇنى يەنە كۆلگە چۈشۈردى، ئۈزۈپ ھېلىقى نەرسىنىڭ يېنىغا باردى. بۇ ئەجەب غەلىتە بىر مەخلۇق ئىكەنغۇ؟ ئۇنىڭ قوپال تېرىسى سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۇجىسىنىڭ كۆڭلىدە قورقۇنچ پەيدا قىلدى: «مۇشۇنداق قورقۇنچلۇق مەخلۇق ھەققىدە ئاڭلىغاندەك قىلىمەنغۇ. ھە، ئېسىمگە كەلدى، ئاپام ئۇنىڭ ئىسمى-

نىڭ تىمساھ دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، ھەمىشە يوشۇرۇن كېلىپ باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىدىغانلىقىنى، شۇڭا كۆلدە سۇ ئۈزگەندە ئۇنىڭدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىشنى تاپىلىۋىدى...» سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسىنىڭ تەنلىرى شۈركەندى. گۇمان، شۈبھە، چۆچۈش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان، چەكچەيگەن كۆزلىرى ھېلىقى مەخلۇققا تىكىلىپلا قالغانىدى.

«ۋۇي ئۇ يىغلاپتىغۇ.» ئۇ مەخلۇقنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن راستتىنلا ياش ئېقىۋاتاتتى. ئۇ نېمىشقا يىغلايدىغاندۇر؟ سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسىنىڭ سەل ئىچى ئاغرىپ قالدى.

— تىمساھ تاغا، سىزگە نېمە بولدى؟ — كۆڭلى بىئارام بولغان سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسى ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى. تىمساھنىڭ يۇمۇق كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى.

— تىمساھ تاغا...

سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسىنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى ئاغزىدىلا قالدى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كەلگەن تىمساھنىڭ قوزۇقتەك ئۆتكۈر چىشلىرى ئۇنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلىش ئالدىدا تۇراتتى. قاتتىق قورقۇپ كەتكەن سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسى قېچىشقا تەمشىلىشى بىلەن تەڭ پۈتۈن بەدەنلىرى دەھشەتلىك ئاغرىقتىن سىرقىراپ كەتتى. ئۇ ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە قاتتىق ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ئاۋازى كۆلنىڭ ئەتراپىدىكى ئورمانلىقتا يۈرگەن ھايۋانلارنىڭ يۈرىكىنى جىغىلدىتىۋەتتى.

«ھەي، ئىسىت! بۇ ھىيلىگەر يىرتقۇچ يەنە بىر جاننىڭ

بىشىغا چىقتى ـ دە! » ئۇلار ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىپ بىشىنى چايقاشتى.

بىراق، قورقۇنچ، ۋەھىمىدىن يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغان سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسى تېخى ئەقلىنى يوقىتىپ قويمىغانىدى. ئۇ تىمساھنىڭ پەقەت قۇيرۇق قىسمىنىلا چىشلىيەلىگەنلىكىنى ھېس قىلدى. پۇرسەت غەنىيمەت، بىر سېكۇنت كېچىكىپ قېلىشقىمۇ بولمايدۇ. ئۇ جان ـ جەھلى بىلەن قانىتىنى پالاقلىتىپ كۆل قىرغىقىنىڭ ئەڭ يېقىن تەرىپىگە قاراپ قاچتى. ئۇنىڭ بىر تۇتام قۇيرۇق پېيى تىمساھنىڭ ئاغزىدا قالغاندىن باشقا بىر پۇتىمۇ ئېغىر يارىلانغانىدى. ئەمدى ئۇنىڭ پۇتى سۇ ئۈزۈشكە ياردەم بېرەلمەيتتى، پەقەت قانىتىنىڭ ياردىمىگە تايىنىشقىلا توغرا كېلەتتى. قانداقلا بولمىسۇن جاننى ئەپقېچىش كېرەك. قىرغاققا چىقىۋالسىلا ھايات قېلىشتىن ئۈمىد كۈتكىلى بولاتتى.

قوغلاپ كېلىۋاتقان تىمساھنىڭ سۇنى يېرىپ ئۈزۈشىدىن پەيدا بولغان شارىلدىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسى بار كۈچىنى، غەيرىتىنى تەلتۆكۈس يىتىلىپ بولالمىغان قانىتىغا يىغىپ ئاخىرى قىرغاققا چىقتى ـ دە، ھالسىزلىنىپ يىقىلدى. ئۇ يەردە تىت ـ تىت بولغىنىچە قاراپ تۇرغان كەپسىز مايمۇنچاق ئۇنى يۇدۇپلا تېزلىكتە قىرغاقتىن يىراقلاپ كەتتى. ئۇ بۇ تەرەپكە ياۋا مېۋە ئىزدەپ كېلىپ، سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسىنىڭ ۋەھىمىلىك ئاۋازىدىن ئۇنىڭ خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغانلىقىنى بىلىپ، كۆل بويىغا يۈگۈرۈپ كەلگەنىدى. نەچچە دەقىقە كېچىكىپ كېلىپ ئۆلجىسىنى قولغا چۈشۈرەلمىگەن تىمساھ كەينىگە يېنىپ تىنۋىش چىقارماي سىلىق

لەيلىگىنىچە كېتىپ قالدى.

سېرىق تۈمشۇق ئۆردەك چۈجىسى دوختۇر پىلىنىڭ كۆ-ڭۈل قويۇپ داۋالىشى نەتىجىسىدە تېز ئوڭشىلىپ، سالامەت-لىكى ياخشىلىنىشقا باشلىدى.

— قانداق بولۇپ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ قالدىڭ؟ — دەپ سورىدى تاغىل ئاسلان.

سېرىق تۈمشۇق ئۆردەك چۈجىسى دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغاندىن بېرى ئۆزىنى ھەر كۈنى يوقلاپ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىۋاتقان دوستلىرى: ئۇزۇن تۇكلۇك كۈچۈك، كەپسىز مايمۇنچاق، شوخ ئوغلاقجان، مۇلايىم قوزىچاقلار-نىڭ مېھرىبان چىرايىغا قارىدى.

— ئۇ يىغلاۋاتقانىكەن. شۇڭا نېمە بولغانلىقىنى سو-راپ، كېرەك بولسا ياردەم بېرەي دەپ...

— مەن ئۇ ئەبلەخنىڭ تاشنىمۇ يەۋەتكەنلىكىنى كۆر-گەن، — دېدى كەپسىز مايمۇنچاق، — ھېلىمۇ ياخشى چاققان-لىق قىلىپ ھاياتىڭنى قۇتۇلدۇرۇپ قاپسەن. ئەگەر سەللا كېچىككەن بولساڭ، ئۇنىڭغا يەم بولۇپ، تاشنىمۇ ھەزىم قىلىۋېتىدىغان ئاشقازىنىدا بۇ چاغقىچە ھەزىم بولۇپ بولاتتىڭ.

گەپنىڭ ئاخىرىغا ئۇلگۇرۇپ كىرگەن دوختۇر پىل گەپ-كە ئارىلاشتى.

— تىمساھنىڭ ھەقىقەتەن تاش يەيدىغان ئادىتى بار. بىراق ئۇنىڭ سەۋەبى باشقا، يەنى تىمساھنىڭ قورسىقىدىكى تاشلارنىڭ ئۇنىڭ ئېغىرلىقىنى ئاشۇرۇش رولى بولۇپ، ئۇ بۇ تاشلارنىڭ ياردىمىدە سۇ تېگىگە چۆكۈپ تەكشى ھەرىكەت قىلالايدۇ. كۈچلۈك سۇ ئېقىنى ئۇنى ئېقىتىپ كېتەلمەيدۇ.

تىمساھ قانچىلىك چوڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پەقەت بە-
دەن ئېغىرلىقىنىڭ يۈزدىن بىر پىرسەنت ئېغىرلىقىدىكى
تاشلارنىلا يەيدۇ. يەنە بىر قىزىق ئىش شۇكى، كۆپىنچە
ھايۋانلارنىڭ يېغى ئاق بولسىمۇ، تىمساھنىڭ يېغى يېشىل
بولىدۇ.

كەپسىز مايمۇنچاق خاتا گەپ قىلىپ قويغانلىقىدىن خى-
جىل بولۇپ پاتاڭلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

— ئۇنىڭ ۋەھشىي، قانخور زىيانداش ئىكەنلىكىنى،
ھەممەيلەننىڭ ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىمى-
غانمىدىڭ؟ — دېدى ئەپسۇسلانغان ھالدا مۇلايىم قوزىچاق.

— ئاڭلىغان، لېكىن ئۇ يىغلاۋاتقان بولغاچقا ئىچ ئاغ-
رىتىپتىمەن.

— بۇ جاللاتنىڭ ھىيلىگەرلىكىنى، — كەپسىز مايمۇن-
چاق قايناپ كەتتى، — ۋەھشىيلىك تەبىئىتىگە ئايلانغان بۇن-
داق ئەبلەخلەرگە ھەرگىز ئىچ ئاغرىتماسلىق، ھېسداشلىق
قىلماسلىق كېرەك. چۈنكى، ئۇ ھامان ئۆزىنىڭ ئەسكىلى-
كىنى قىلىدۇ.

ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇللاپ دوختۇر پىل بېشىنى
لىڭشىتتى.

— دۇرۇس، سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسىنىڭ
زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى ئۇنىڭ تىمساھنىڭ تۇرمۇش ئادىتى-
نى، فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىنى بىلمەسلىكتىنمۇ
كېلىپ چىققان.

دوختۇر پىل ئالدىرىماي چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— تىمساھلار تۇز تەركىبى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان
ئوزۇقلۇقلارنى ئىستېمال قىلغاندا، ئۇنىڭ قان پلازمىسىدى-

ـكى تۇزنىڭ قويۇقلۇقى ئېشىپ كېتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، تىمـ
ساھ كۆز چانقىغا يېقىن جايدىكى تۇز بېزى دەپ ئاتىلىدىغان
بەز نەيچىسى ئارقىلىق ئارتۇقچە تۇزنى چىقىرىپ تاشلاپ،
بەدىنىدىكى تۇز بىلەن سۇنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى تەڭشەپ تۇرـ
ىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تىمساھنىڭ كۆز
يېشى تۇز تەركىبى ناھايىتى يۇقىرى سۇيۇقلۇقتىن ئىبارەت.
دېڭىزدا ياشايدىغان كۆپ ساندىكى يەر بېغىرلىغۇچى ھايۋانـ
لارنىڭ كۆز چانقىغا يېقىن جايدا تۇز ئاجرىتىپ چىقىرىدىـ
غان تۇز بېزى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئورنى ھەر خىل ھايۋانلاردا
ھەر خىل بولىدۇ. تاشپاقىنىڭ تۇز بېزى كۆز چانقىنىڭ
ئارقا بۇلۇڭىدا بولىدۇ، ئۇمۇ كۆز يېشى چىقىرىدۇ. دېڭىز
يىلىنىنىڭ تۇز بېزى ئېغىز بوشلۇقىدا بولىدۇ. توكلۇك
دېڭىز كەسلەنچۈكىنىڭ تۇز بېزى بۇرۇن بوشلۇقىدا بولىدۇ،
شۇڭا كۆز يېشىنى كۆرگىلى بولمايدۇ.
— بۇنى بىلمىگەنلىكى ئۇچۇن سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك
چۈجىسى ئۇنىڭ كۆز يېشىغا ئالدىنىپ قالغانىكەن، — دېدى
شوخ ئوغلاقجان.
— بىلىمسىزلىك، نادانلىق، ھەر ۋاقىت بىزگە بالا ـ
قازا ئەكېلىدىكەن، — دېدى ئۇزۇن توكلۇك كۈچۈك.
— قەدىمكىلەر «ئۆزۈڭنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ بىلسەڭ جەڭـ
دە يېڭىلمەيسەن»، دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن، — دېدى سېـ
رىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسىمۇ چوڭقۇر ئويغا چۆمگەن
ھالدا، — دۈشمەننىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش ئۇچۇن
يالغۇز ئېھتىيات قىلىشلا كۇپايە قىلمايدىكەن، چوقۇم ئۇنى
تولۇق چۈشىنىشىمىز، ئۇنىڭ بارلىق ئەھۋالىدىن خەۋەردار
بولۇشىمىز كېرەككەن...

# ئۇقۇشماسلىق

كەپسىز مايمۇنچاق ئويلاپ قالدى: «دوختۇر پىلنىڭ بىزگە يەتكۈزگەن ياخشىلىقى، ياردىمى ئىنتايىن كۆپ. مەن ئاغرىپ قالغاندىمۇ، دوستۇم ئۆردەك چۇجىسى ۋەھشىي مەخ-لۇق تىمساھ تەرىپىدىن ئېغىر يارىلاندۇرغاندىمۇ، ئۇنىڭ كۆيۈنۈپ داۋالىشى نەتىجىسىدە سالامەتلىكىمىز تېز ئەسلىگە كەلدى. ئۇنىڭ تۆھپىسى ھەقىقەتەن كۆپ. مەن نېمىشقا ئۇنىڭغا بىر لەۋھە تەقدىم قىلىپ مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرمەيمەن.»

ئۇ ئالدى بىلەن بىر لەۋھە سېتىۋالماقچى بولدى. قايسى رەڭدىكىسى ئەڭ مۇۋاپىق بولار؟ قىزىلىنى تاللىسۇنمۇ؟ ئۇ قىپقىزىل يۈرەكنىڭ، پاك مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى. ياق، ئۇنىڭدىنمۇ مەنىلىك رەڭنى تاللاش كېرەك. توغرا، كۆك رەڭدىكى بولسۇن، چۈنكى كۆك رەڭ بىپايان ئاسماننىڭ سىمۋولى. ئۇ دوختۇر پىلغا بولغان مىننەتدارلىقىمنىڭ چەكسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

كەپسىز مايمۇنچاق ئاخىرى كۆك رەڭلىك لەۋھە سېتى-ۋالدى. ئەمدى ئۇنىڭغا تەسىرلىك سۆزلەردىن تىزىلغان كۆ-ڭۈل ئىزھارىنى ئەڭ كۆركەم نۇسخىدىكى ھۆسنخەت بىلەن يېزىشى كېرەك.

ئۇ لەۋھەگە خەت يېزىپ بولغاندىن كېيىن، خەتنى تېزرەك قۇرۇتماقچى بولدى. ئەگەر ئۇنى ۋاقتىدا قۇرۇتمىسا

قاتلىغاندا خەتلىرى سۇۋشىپ، سەتلىشىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. بىراق، نەچچە ۋاقىتلاردىن بېرى كۈن نۇرى پارقى-راپ يازنىڭ كېلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدۇرغان ھاۋا قېرىشقاندەك بۈگۈن تۇتۇلۇپ ئۆتكۈنچى يامغۇرنىڭ ياغىدىغان-لىقىدىن بېشارەت بېرىپ ئاسمان قويۇق بۇلۇتلار بىلەن قاپلانغانىدى.

خەتنى ھاۋا ئوچۇق بولمىغان شارائىتتا تېز قۇرۇتۇش ئۈچۈن شامالدىتىشتىن باشقا ئەپلىكرەك چارە يوق. كەپسىز مايمۇنچاق لەۋھەگە يېزىلغان خەتنى پۈۋلەشكە باشلىدى. ئۇ ھاۋانى تازا سۈمۈرۈۋالغاندىن كېيىن كۈچەپ پۈۋلىدى. بىر، ئىككى، ... سەككىز، ... ئون قېتىم پۈۋلىدى. چېكىسى چىڭقىلىپ، ئۆپكىسىمۇ ئاغرىپ كەتتى، لېكىن قۇرۇمىدى.

بۇنى تېزرەك قۇرۇتۇشنىڭ باشقا ئامالى بارمىدۇر؟ كەپسىز مايمۇنچاق پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپ «ماۋۇ دۆتلۇ-كۈمنى» دېگىنىچە ئۆزىنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈپ قويدى. ئۇ لەۋھەنى تالاغا ئاچىقىپ ئاستا يۈرۈپ تەبىئىي شامالداتتى. بۇنىڭ ئۈنۈمى ھەقىقەتەن كۆرۈنەرلىك بولدى.

«يەنە بىردەم يۈگۈرەيچۇ!» ئۇ ئورمانلىققا يېقىن كەل-دى. ئۇشتۇمتۇت قاتتىق دۈپۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى، ئۇ ئارقىسىغا قاراپلا چۆچۈپ كەتتى.

يوغان بىر كالا توم ھەم ئۇچلۇق مۈڭگۈزىنى تەڭلىگى-نىچە ئۇنى ئۇسۇپلا جېنىنى ئالىدىغاندەك دەھشەتلىك ئەلپازدا ئېتىلىپ كېلىۋاتاتتى.

كەپسىز مايمۇنچاق ئۆزىنى چەتكە ئالدى - دە، خېتى ئاللىقاچان قۇرۇپ بولغان لەۋھەنى كۆتۈرگىنىچە يان تەرەپ-تىكى يولغا چۈشتى. كالىمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىز باسقى-

نىچە قوغلاپ كېلىۋاتاتتى، ھەتتا يېقىنلىشىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ غەزەپتىن چەكچىيىپ دۈپدۈگىلەك بولۇپ قالغان كۆزلىرى، توم ئۇچلۇق مۈڭگۈزى ئىنتايىن قورقۇنچلۇق كۆرۈنەتتى.

كەپسىز مايمۇنچاق ئامالسىز ھالدا قازادىن قۇتۇلۇش نىيىتىدە جىنىنىڭ بارىچە قاچتى. ئۇ قاچان ۋە قانداق قىلىپ كالىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغانلىقىنى ئەسلىيەلمىدى. ئۇنى ئويلىغۇدەكمۇ ۋاقىت يوق ئىدى، ھەتتا كالىغا چۈشەندۈرۈش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى بارغانسېرى قىسقىراۋاتاتتى. كەپسىز مايمۇنچاق ھېرىپ ھالىدىن كەتكەنىدى. پەقەت ئاشۇ ئەسەبىيلەشكەن تەلۋە كالىنىڭ ئۇچلۇق مۈڭگۈزىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۇچۇنلا داۋاملىق يۈگۈرۈشكە مەجبۇر بولاتتى.

مانا ئۇنى يەنە نەس باستى، ئەمدى تۈگىشىدىغان بولدى.

كەپسىز مايمۇنچاق نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ قولىدىكى لەۋھەمۇ پۇرلىشىپ، توپىغا مى-لىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ بۇ يورۇق دۇنيانى كۆرۈشتىن مەھ-رۇم قالىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەندەك، ئۈمىدسىزلىك بى-لەن كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى.

— ۋۇي، بۇ سەنمىدىڭ؟

كەپسىز مايمۇنچاق ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالدى. بۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتكەن ئەلپازدا قوغلاپ كېلىۋاتقان كالى-نىڭ ئاۋازى ئىدى.

— شۇنداق، كالا ئاكا، مەن، — دېدى ئۆزىگە ھەيران بولۇپ قاراۋاتقان كالىغا ئالدىراپ جاۋاب بېرىپ، — مېنى

بەك قورقۇتۇۋەتتىڭىز.

— كەچۈرگىن، — كالا كەپسىز مايمۇنچاقنىڭ ئورنى-دىن تۇرۇشىغا ياردەملەشكەچ ئەپۇ سورىدى، — بايا كۆزۈمگە غەلىتە بىر نەرسە كۆرۈنۈۋىدى، شۇڭا بىئارام بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىشنى ئويلىغانىدىم.

— مەن دوختۇر پىلغا تەقدىم قىلماقچى بولغان لەۋھە-نىڭ خېتىنى شامالدىتىپ قۇرۇتۇۋاتاتتىم.

— ھە، ئەسلىدە قولۇڭدىكى لەپىلدەۋاتقان لەۋھە مېنى شۇنداق خىيالغا كەلتۈرۈپ قويغانىكەن ـ دە.

— سىز تورېئادورلار بىلەن ئېلىشقان ۋاقتىڭىزدا ئۇلار قىزىل رەختنى پۇلاڭلاتقىنىدا ئاچچىقىڭىز كېلىپ ئېتىلغان-لىقىڭىزنى كۆرگەنىدىم. مەن شۇنىڭغا قاراپ سىزنى قىزىل رەڭلىك نەرسىگە ئۆچ ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم، — دېدى كەپسىز مايمۇنچاق گاڭگىرىغان ھالدا، — لەۋھە كۆك رەڭلىك تۇرسا نېمىشقا ئاچچىقىڭىز كېلىپ قالدى؟

— مەن رەڭ قارىغۇسى بولغاچقا ھېچقانداق رەڭنى تونۇمايمەن، — دېدى كالا ئەپسۇسلانغاندەك چوڭقۇر تىنىپ، — بۇ ئەيىبىمنى بىر قېتىم شەھەرگە كىرىپ، يول ئاغزىدىكى بەلگە چىراغنى پەرق ئېتەلمەي قاتناش ھادىسىسى پەيدا قىلىپ قويغىنىمدىن كېيىن ساقچى ئىدارىسىدىن مېنى ئاقلاپ ئاچىقىۋالغان دوختۇر پىلدىن ئاڭلىدىم.

— قانداق قىلىپ بۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغانسىز؟ — كەپسىز مايمۇنچاق ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتتى.

— بۇ كېسەللىك ئەمەس، ئىرسىيەت، — كالا بېشىنى چايقىدى، — ساڭا سۆزلەپ بېرەي: سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار-نىڭ كۆزىدىكى تورلۇق پەردىدە تاياقچە ھۈجەيرىلەر بىلەن

كونۇس ھۈجەيرىلەر بار. بۇ ئىككى ھۈجەيرىگە چۈشكەن نۇر چوڭ مىڭىگە يوللىنىدۇ. تاياقچە ھۈجەيرە ئاساسەن سۇس نۇرنى، كونۇس ھۈجەيرە يورۇق نۇرنى سېزىدۇ. مېنىڭ كۆز قۇرۇلمامدا تاياقچە ھۈجەيرىلەر ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. ماڭا ئوخشاش خىلدىكى ھايۋانلار قاراڭغۇدىمۇ ئېنىق كۆرەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ تۇندە كۆرۈش ئىقتىدارى ياخشى بولغاچقا، كېچىدە ئەركىن ھەرىكەت قىلالايدۇ. لېكىن سۇس نۇرنىڭ رەڭگىنى پەرق ئېتەلمەيدۇ. شۇڭا مەيلى قىزىل رەڭدىكى نەرسىنى كۆرسۇن ياكى باشقا رەڭدىكى نەرسىلەرنى كۆرسۇن، ھەممىسى قارا رەڭ ياكى كۇل رەڭ بولۇپ كۆرۈنىدۇ. بايا ساڭا شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كېلىشىمدىكى سەۋەب بولسا كۆز ئالدىمدا لەپىلدەپ تۇرغان نەرسىدىن خاتىرجەمسىزلەنگەنلىكىمدىن پەيدا بولغان. سەندىن يەنە بىر مەرتەم كەچۈرۈم سورايمەن. ئۇقۇشماسلىق تۈپەيلىدىن ساڭا زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈپ قويغىنىمغا تاس قاپتىمەن.

— كېرەك يوق، كالا ئاكا.

كەپسىز مايمۇنچاق كالا بىلەن خەيرلەشكەندىن كېيىن لەۋھەنى قېقىپ چىرايلىق قاتلاپ، دوختۇر پىلىنىڭ ئۆيىگە ماڭدى. ئۇ كۆڭلىدە بۇ ئىشنى دوستلىرىغا قانداق سۆزلەپ بېرىشنى ئويلاۋاتاتتى.

## چاشقاننىڭ چىشى

«قوزىچاقنىڭ ئۆيىگە ئوغرى چۈشۈپتۇ» دېگەن خەۋەر ھەش - پەش دېگۈچە ئەتراپقا پۇركەتتى.

— نومۇسسىز ئوغرى، — دېدى ئىنتايىن غەزەپلەنگەن تاغىل ئاسلان، — شۇنداق مۇلايىم، ئاق كۆڭۈل، ھېچكىمـ ـنىڭ بىر تال تېرىق چاغلىق نەرسىسىگە زىيان يەتكۈزۈپ باقمىغان قوزىچاقنى بوزەك قىلغىنىنى كۆرمەمدىغان.

— ئەگەر ئۇنى تۇتۇۋالىدىغان بولساق قاتتىق جازالايمىز.

بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش مەقـ ـسىتىدە قوزىچاقنىڭ ئۆيىگە يىغىلغان دوستلىرى تاغىل ئاسـ ـلاننىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ ماقۇللۇق بىلدۈرۈشتى.

شوخ ئوغلاقجان بىلەن كەپسىز مايمۇنچاقنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ، ئۇزۇن تۈكلۈك كۈچۈكنىڭ كۆزلىرى قىزىـ ـرىپ، تۈكلىرى ھۆرپىيىپ كەتكەندى.

— ئۆزىمىزنى بېسىۋېلىپ ئويلاپ باقايلى، — دېدى سېرىق تۈمشۇق ئۆردەك چۈجىسى قاناتلىرىنى قېقىپ بىرـ نەچچىنى غاقىلداپ، — ئالدى بىلەن دېلو يۈز بەرگەن ئورـ ـرۇننى تەكشۈرۈپ، ئۇنى كىمنىڭ سادىر قىلغانلىقىنى ئېنىقلايلى.

كۆپچىلىك ئۇنىڭ پىكرىنى ماقۇل تاپتى. چىرايىنى غەم تۇمانلىرى ئورىۋالغان مۇلايىم قوزىچاقمۇ تەبىئىي ھالدا قوـ ـشۇلدى. چۈنكى، ئۇ دوستلىرىغا ھەم ئۇلارنىڭ ئەقىلـ ـ پاراستىگە، چوقۇم بىر ئامال قىلىپ ئوغرىنى تۇتالايدىغانـ ـلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى.

كۆپچىلىك ئۇنىڭ ئوغرى تەشكەن تۆشۈكىگە، ئاياغ ئىزىغا ۋە ئىشكاپتىكى يېمەكلىكنىڭمۇ يوقىلىپ كەتكىنىگە قاراپ ئوغرىنى چاشقان دەپ ھۆكۈم چىقاردى.

— ئوغرىنىڭمۇ تاپتۇق، ئەمدى ئۇنى قانداق تۇتـ

مىز؟ — دېدى سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۇجىسى قانىتىنى
سىلكىپ.

— ئۇ ئوغرىنى كۆرۈپ قالىدىغان بولسام ھەرگىز قا-
چۇرۇپ قويمايتتىم، — دېدى تاغىل ئاسلان تىت - تىت
بولۇپ.

— بولدى، غەم قىلمايلى، — شوخ ئوغلاقجاننىڭ قو-
شۇمىسى تۈرۈلگەنىدى، — كۆپىنىڭ ئەقلى كۆپ. «ئىش
ئۆملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە» دەپتىكەن. ئوبدان مەسلىھەت
قىلىشىپ چوقۇم چارىسىنى قىلالايمىز.

كۆپچىلىك چوڭقۇر ئويغا چۆمدى. بىر ھازادىن كېيىن
كەپسىز مايمۇنچاق بېشىنى كۆتۈردى.

— مېنىڭچە، ھەسەل ھەرىسىنى بىزگە ياردەم بېرىشكە
تەكلىپ قىلايلى. ئۇنىڭدىن ھېچكىم گۇمان قىلمايدۇ. بار-
لىق ئۇچالايدىغان ھاشاراتلار ئىچىدە ھەسەل ھەرىسى ئەڭ
ھارماس، نەزەرىيە جەھەتتىن ھېسابلىغاندا، بىر قوشۇق ھە-
سەل ھەسەل ھەرىسىنىڭ يەر شارىنى بىر قېتىم ئايلىنىپ
چىقىشى ئۈچۈن يېتەرلىك «يېقىلغۇ» بولالايدىكەن. ئۇ چاش-
قاننىڭ قەيەردىلىكىنى بىلىۋالسۇن. ئاندىن ئاشۇ يىپ ئۈچى-
غا ئاساسەن كېيىنكى ھەرىكەت پىلانىنى تۈزمەمدۇق.

بۇ پىكىر ھەممەيلەنگە ياقتى. ھەسەل ھەرىسى خەۋەرنى
ئاڭلاپ تېزلىكتە يېتىپ كەلدى ۋە كۆپچىلىكنىڭ ئۈمىدلىك
كۆزلىرىنى كۆرۈپ بۇ ئىشقا خۇشاللىق بىلەن رازى بولدى.
بىراق، چاشقان دېگەن ھىيلىگەر ئەبلەخنىڭ كۈندۈزى جىم-
جىت يېتىۋېلىپ كېچىسىلا ھەرىكەت قىلىشىنى كىم بىل-
سۇن؟! ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ سەۋر -
تاقىتى چېكىگە يېتىپ قالغان چاغدا ھەسەل ھەرىسى قاپاقلى-

ىرى ساڭگىلىغان هالدا يېتىپ كەلدى. ئۇ «رازۋېدكا قىـ
لىش» جەريانىدا چاشقاننى پەقەت بىرلا قېتىم غىل ـ پال
كۆرگەنىدى.

— مۇشۇنىڭ ئۆزىمۇ يېتەرلىك. بىزگە چوڭ ياردەم
قىلدىڭ، هەسەل هەرىسى، — دېدى تاغىل ئاسلان، — سۈت
ئەمگۈچى هايۋانلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇۋىسىنى مەركەز قىـ
لىپ ئوزۇق مول قولايلىق مۇهىتنى تاللاپ ماكانلىشىدۇ.
ئۇلار قورساق غېمىدە هەر كۈنى مەلۇم دائىرە ئىچىدە قاتراپلا
يۈرىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ هەرىكەت چەمبىرىكى هېسابلىنىدۇ.
ئادەتتە چاشقان بەش يۈز كۋادرات مېتىر يەرنى ئىگىلەيدۇ.
شۇڭا بىز چاشقان ئۇچرىغان جاينىڭ ئەتراپىنى ئىنچىكىلىك
بىلەن ئاختۇرساق، ئۇنى ئاسان تۇتۇۋالالايمىز.

ئىنچىل تۇردە چاشقان بىلەن هەپىلىشىپ كەلگەن تاـ
غىل ئاسلان شۇنداق قىلىپ ئاخىر ئۇنى تۇتۇۋالدى. چاشقان
ئۆزىنىڭ ئوغرىلىق جىنايىتىنى ئىقرار قىلدى ۋە:

— مېنىڭ ئۇدۇل چىشىمنىڭ چىش ماددىسى ناهايىتى
تەرەققىي قىلغان، بەئەينى ياغاچچىنىڭ ئىسكىنىسىگە ئوخـ
شاش چوقۇشقا ئەپلىك. چىشلىرىم هايات كەچۈرۈشۈمدىكى
بىردىنبىر قورالىم. ئەگەر ئۇ بولمىسا مەن هېچقانداق ئىشـ
نى قىلالمايمەن، هەتتا ئوزۇق تېپىپ يېيەلمەي ئۆلۈپ قېلىـ
شىممۇ مۇمكىن. شۇڭا قايتا دېلو سادىر قىلىشىمدىن ساقلىـ
نىش ئۈچۈن چىشىمنى جازالىساڭلار كۇپايە، — دېدى.

كۆپچىلىك ئۇزاق ئويلىنىپ بىردەك قارار چىقاردى ـ
دە، چاشقاننىڭ چىشلىرىنى ئېكەكدەپ ئېلىۋەتتى.

بۇ ئىش شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن
ئۇنتۇلۇپمۇ كېتىلدى. هەممەيلەن ئۆز تىرىكچىلىكىدە كۈنـ

لىرىنى ئالدىراش ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى.
بىر كۈنى ئۈشتۈمتۈت «دوختۇرخانىغا ئوغرى كىرىپ-تۇ» دېگەن خەۋەر پەيدا بولدى ـ دە، خۇددى تىنچ كۆل يۈزىگە تاش ئېتىلغاندەك، ئۇلارنىڭ خاتىرجەم، نورمال تۇر-مۇش تەرتىپى بۇزۇلدى. كۆپچىلىك ھەيران بولغان ھالدا دوختۇر پىلنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئوغرى خېلى كۆپ مىقدار-دىكى كەم تېپىلىدىغان قىممەتلىك دورىلارنى ئەكەتكەچكە، كەلتۈرگەن ئىقتىسادىي زىيىنى ئېغىر بولغانىدى. ئوغرىلىق قىلىش ئۇسۇلى ۋە قالدۇرغان ئىزى مۇلايىم قوزىچاقنىڭ ئۆيىگە كىرگەن ئوغرىنىڭكىگە ئوپئوخشايتتى.
— بىز ئۇنىڭ چىشىنى ئېكەكدەپ ئېلىۋېتىپ ئىككىن-چىلەپ ئوغرىلىق قىلالمايدىغان قىلىپ قويغانىدۇققۇ؟! — دېدى كەپىسىز مايمۇنچاق.
— سىلەر ئالدىنىپسىلەر، — دېدى دوختۇر پىل ئەھ-ۋالنى تەپسىلىي ئاڭلىغاندىن كېيىن جىددىي قىلىپ، — ئۇنى يەنە بىر قېتىم تۇتۇۋالساڭلار مەن بۇ نۇقتىنى چوقۇم ئىسپاتلاپ بەرگەن بولاتتىم.
— شۇنداق قىلالىسىڭىز بىز ئۇنى يەنە تۇتۇۋالىشى-مىزغا ئىشەنچىمىز كامىل، — دېدى ئۇزۇن تۇكلۇك كو-چۇك، — كۆپچىلىك بىردەك كۈچ چىقارساقلا زىياندىشنى چوقۇم يوقىتىمىز.
ئۇنىڭ پەرىزى خاتا بولمىدى. كۆپچىلىك ئورتاق ماس-لىشىپ ھەرىكەت قىلىپ، چاشقاننى تۇتۇپ يالاپ ئەكەلدى. دوختۇر پىلنىڭ رىياسەتچىلىكىدە كېڭەيتىلگەن سوت يىغىنى ئېچىلدى.
— چاشقان ئىككى نۆۋەت ئوغرىلىق قىلىپ ئاھالىنىڭ

تىنچلىقىغا، بىخەتەرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق جازالىشىمىز كېرەك.

— مەن بىرلا قېتىم ئوغرىلىق قىلدىم، — دېدى قور-قۇپ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن بىچارە قىياپەتتە، — ئۆتكەنكى ئوغرى مەن ئەمەس. ئىشەنمىسەڭلار چىشلىرىمغا قاراپ بېقىڭلار، مېنىڭ چىشلىرىم ساپساق تۇرىمادۇ، ئې-سىڭلاردا بولسا كېرەك، ئۇ ئوغرىنىڭ چىشلىرى ئىككەدەپ ئىلىۋېتىلگەن ئەمەسمىدى. مېنىڭ ئۆتۈنىدىغىنىم، مېنىمۇ شۇنداق جازالىساڭلار.

— شۇنداق جازالايلى! — دېيىشتى كۆپچىلىك غۇلغۇلا قىلىشىپ.

— بەس! — دەپ ۋارقىرىدى دوختۇر پىل غەزەپ بى-لەن، — سەن بۇ قېتىممۇ ھىيلىگەرلىك بىلەن قۇتۇلۇپ كېتەلەيمەن دەپ ئويلامسەن؟! — ئۇ كۆپچىلىككە قارى-دى، — سىلەر ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمەڭلار. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىلگىرى ئوغرىلىق قىلىپ جازالانغان چاشقاننىڭ ئۆزى شۇ. ئۇ بىزنىڭ دىققىتىمىزنى باشقا تەرەپكە بۇراپ كولدۇر-لىتىش ئارقىلىق مەقسەتلىك ھالدا ئۆزىنى قوغداپ قالغان.

— ئۇنداقتا، ئۇنىڭ چىشلىرىچۇ؟ — دەرگۇماندا قالغان بىرى سورىدى.

— ئالدىرىماڭلار، بۇنى ھازىرلا ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرى-مەن، — دوختۇر پىلنىڭ ۋەزمىن، سالماق ئاۋازى ئەستاي-دىل قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان سوت قاتناشقۇچىلىرىغا ئېنىق ئاڭلاندى، — چىش — سۆت چىش ۋە ئۆمۈرلۈك چىش دەپ ئايرىلىدۇ. سۈت چىش بالىلىق دەۋردە ئۆسىدۇ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭ ئورنىنى ئۆمۈرلۈك چىش ئىگىلەيدۇ، بۇ

چىشىنىڭ ئالمىشىشى دېيىلىدۇ. ئۆمۈرلۈك چىشىنىڭ بەزىلە-
رىنىڭ يىلتىزى بولىدۇ، بەزىلىرىنىڭ يىلتىزى بولمايدۇ.
چىش يىلتىزىدىن شەكىللەنگەن چىش قايتا چىقمايدۇ. بۇ
ئۆمرى قىسقا چىش دېيىلىدۇ. چىش يىلتىزى بولمىغان
هايۋانلاردىن چاشقاننىڭ چىشى ئۆلگىچە ئۆسۈپ تۇرىدۇ. بۇ
ئۆمرى ئۇزۇن چىش دېيىلىدۇ. هەربىر چاشقان هەر يىلى
ئۆسۈپ تۇرىدىغان ئۇتتۇر چىشىنى بەك ئۆستۈرۈۋەتمەسلىك
ئۈچۈن چىشىنى داۋاملىق غۇچۇرلىتىدۇ. مەيلى ئاشلىق،
ياغاچ، توك سىمى بولسۇن، ياكى قاتتىق قوغۇشۇن، تۇرۇبا
ۋە بېتون بولسۇن، چاشقانلارنىڭ چىشلەش كۈچى ناهايىتى
كۈچلۈك بولغان ئۇتتۇر چىشىغا نىسبەتەن «پاس - پاس
كەمپۈت» تىنلا ئىبارەتتۇر. سىلەر بۇنىڭدىن ئۇنىڭ نېمە
ئۈچۈن چىشىنى گۇناهكار قىلىپ كۆرسەتكەنلىكىنى بىلىۋا-
لالايسىلەر.

دوختۇر پىل ئويغا چۆمگەن كۆپچىلىككە قاراپ سۆزىنى
داۋام قىلدى:

— چاشقان چىشىنىڭ ئېمال ماددىسى پولاتتەك قاتتىق
بولۇپ، موس قاتتىقلىقى 3.5 دىن 5.5 گىچە بولىدۇ.
ئالماسنىڭ موس قاتتىقلىقى 10 غىچە بولىدۇ. ۋەهالەنكى
ئادەتتىكى مېتاللارنىڭ موس قاتتىقلىقى 1.5 دىن 4 گىچە
بولىدۇ. چاشقان ئادەتتە موس قاتتىقلىقى ئۈچتىن يۇقىرى
بولغان نەرسىلەرنى غاجىلىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇتتۇر چىشى بى-
لەن جىسىملارنى غاجىلاش سۈرئىتى ناهايىتى تېز بولۇپ،
سېكۇنتىغا ئوتتۇرا هېساب بىلەن بىر يېرىم قېتىمدىن توغرا
كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇتتۇر چىشى خۇددى نەشتەردەك بولۇپ،
ئۇنىڭ غاجىلاش يۈزى تەخمىنەن بىر تال چاچ تومۇلۇقىچە-

لىك، يەنى ئەللىك — يۈز مىكرون ئەتراپىدا كېلىدۇ. ئۇنىڭ چىشلەش كۈچى ناھايىتى زور بولۇپ، پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سالغاندا 2.3 گرامدىن 3.6 كىلوگرامغا يېتىدۇ.

چاۋىسى چىتقا يېپىلغان چاشقانغا سوت ئەملىنىڭ نەپ-رەتلىك، غەزەپلىك سالاسى ئىچىدە ئۇنى تۇتۇشقا تۆھپە قوشقان تاغىل ئاسلاننىڭ بىر مەززىلىك تاماق سۈپىتىدە يەۋېتىش ھوكۇمى چىقىرىلدى. ئۇ ھىيلىگەر زىياندىش ئاخىر جاجىسىنى يېدى.

كۆپچىلىك بولسا بىرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق-نىڭ غايەت زور كۈچ - قۇدرەت، ئەقىل - پاراسەت ئەكېلى-دىغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ، ئەبەدىي شۇنداق ئۆتۈش-كە بەل باغلىدى.

## تاغىل ئاسلاننىڭ ھۈنەر ئۆگىنىشى

تاغىل ئاسلان دېڭىزنى ياقتۇرۇپ قالدى. چوڭقۇر ھەم چېكى يوق، رەڭگى كۆپكۆك سۇ ئۇنىڭغا سىرلىق تۇيۇلاتتى. دېڭىزدا ياشاۋاتقان خىلمۇ خىل جانلىقلارنىڭ چۈشىنىپ بول-مايدىغان تۇرمۇش ئادىتى ئۇنى ھەۋەسلەندۈرەتتى.

«ئاھ، بىپايان گۈزەل دېڭىز، سېنى قانداقمۇ ئۇرماس-لىقنىڭ يەنە بىر تەرپىدىكى كۆلگە سېلىشتۇرغىلى بولسۇن، سەن گويا نەچچە ئون ئادەمنىڭ غۇلىچى يەتمەيدىغان غايەت زور دەرەخ بولساڭ، كۆل بولسا پۈۋدەپ بولغىچە ئۇچۇپ كېتىدىغان قىلچىلىكمۇ كەلمەيدۇ. سېنىڭ ئاشۇ سېھىرلىك قوينۇڭدا داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ھاياتلىق پائالىيىتىڭ تې-

خى!...» تاغىل ئاسلان شۇنداق خىياللارنى قىلىۋېتىپ، دېڭىزدا ئۈزۈپ ئويناۋاتقان كىت بالىسىنىڭ سۇ پۈر-كۈش ھەرىكىتىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي چاۋاك چېلىۋەتتى.

— نېمىگە چاۋاك چېلىۋاتىسەن، تاغىل ئاسلان؟ — دېدى كىت بالىسى سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قارىغىنىچە.

— سېنىڭ سۇ پۈركۈش ھەرىكىتىڭ بەكمۇ قىزىقارلىق-كەن. شۇڭا خۇشاللىقىمدىن چاۋاك چېلىۋېتىپتىمەن، — دېدى تاغىل ئاسلان ئوڭايسىزلىنىپ.

— ھوي، مەن سۇ پۈركۈش ھەرىكىتىنى ئىشلىمە-دىم، — كىت بالىسى بېشىنى چايقىدى

— مېنى گوللىما، بايا مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم-غۇ، — تاغىل ئاسلان سەل خاپا بولدى.

— مەن ھاۋادىن نەپەس ئالغىلى چىققاندا، بۇرنۇمدىن چىققان سۇنى پۈركۈگىنىمنى دەۋاتامسەن نېمە؟ — دېدى كىت بالىسى ئويلىنىپ.

— نېمە، سەنمۇ ھاۋادىن نەپەسلىنەمسەن، دېڭىزدا يا-شايدىغان ھايۋانلارنى ھاۋادىن نەپەسلىنىدۇ دېسە بەك بىمەنە-لىك بولىدۇ، جۇمۇ.

— سەن ئاڭلىماپتىكەنسەن ـ دە، كىتمۇ ھاۋادا نەپەس ئالىدىغان ئالىي دەرىجىلىك سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، كىت دېڭىزدا شۇڭغۇپ يۈرگەن بىلەن جەزمەن دېڭىز يۈزىگە چى-قىپ نەپەسلىنىشى كېرەك. نەپەس ئېلىش ئۈچۈن لەي-لەپ چىقىۋاتقاندا، ھىم ئېتىۋېلىنغان بۇرۇن تۆشۈكى دېڭىز ئاستىدا ئېچىلىشقا باشلايدۇ. بۇ چاغدا سۇ بۇرۇن بوشلۇقىغا

كىرىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەيلا كىت بۇرنىنى دېڭىز يۈزىگە چىقىرىپ، كۆپلەپ ھاۋانى پۈركۈپ چىقىرىدۇ. ئۇ چاغدا بۇرۇن بوشلۇقىغا كىرىپ كەتكەن ۋە بۇرۇن تۆشۈكى ئەتراپىدىكى سۇلار پۈركۈپ چىقىرىلىدۇ. ئىللىق ۋە نەم نەپەس سىرتتىكى سوغۇق ھاۋا بىلەن ئۇچراشقاندا، سۇ پارلىرى سۇ ئۇنچىلىرىگە ئايلىنىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ بىرىكمىسى سەن «پۈركۈگەن سۇ» دەپ قارىغىنىڭ شۇ.

— مۇنداق دېگىن، ئەسلىدە ئۇ ھاۋا بىلەن دېڭىز سۈيىنىڭ ئارىلاشمىسى بولۇپ، ئاساسىي تەركىبى ھاۋاكەن - دە.

— توغرا دېدىڭ، كىت تىپىدىكىلەر ھەرگىزمۇ دېڭىز سۈيىنى ئىچىپ بۇرنىدىن پۈركۈپ چىقارمايدۇ. كىتنىڭ چوڭلىرىمۇ، كىچىكلىرىمۇ بولىدۇ. ئەڭ چوڭ بۇرۇتلۇق كىتنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون ئۈچ مېتىر، دېڭىز دېلفىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئاران ئۈچ مېتىر. ئادەتتە بەش مېتىردىن ئاشقانلىرى كىت، بەش مېتىرغا يەتمىگەنلىرى دېڭىز دېلفىنى دېيىلىدۇ. قارا كىت قاتارلىق ئون بەش مېتىردىن ئۇزۇن كىتلارنىڭ نەپەس يولىمۇ ئۇزۇن بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ بۇرنىدىن «پۈركۈلگەن سۇ» مۇ كۆپ بولىدۇ. كىت تىپىدىكىلەرنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، ئاغزىدا توقسان ئالتە چىشى بار، لېكىن ئۇلار ئوزۇقلۇقنى چاينىمايلا يۇتۇۋېتىدۇ.

— سەندىن ئۆتۈنەي، ماڭا ھۈنەر ئۆگىتىپ قويساڭ، — دېدى تاغىل ئاسلان.

— مەندىن نېمە ھۈنەر ئۆگەنمەكچىسەن؟ — سورىدى كىت بالىسى ھەيران بولۇپ.

— مەنمۇ ساڭا ئوخشاش ھاۋادىن نەپەسلىنىدىغان سۈت ئەمگۈچى ھايۋان بولغاندىكىن، دېڭىزغا شۇڭغۇش ھۈنىرىنى

ئۆگىتىپ قويساڭ.

— دېڭىزغا شوڭغۇشنى ئۆگىنىشكە نېمە ھاجەت بولۇپ قالدى؟

— مەن ئاشۇ دېڭىزدىن ئىبارەت تىلسىمات دۇنياسىدىكى ئاجايىپ - غارايىپ مۆجىزىلەرنى كۆرۈش ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچىمەن.

بىر ھازا ئويلاپ تۇرۇپ قالغان كىت بالىسى تاغىل ئاسلاننىڭ قەتئىي نىيىتىگە قاراپ قوشۇلدى.

— بوپتۇ، سىناپ باققىن.

ئۇلار دېڭىزغا چۈشتى. كىت بالىسى مەغرۇر ھەم بەھۇزۇر ھالدا ئالغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بىراق تاغىل ئاسلاننىڭ ئىشى ئۇنچە كۆڭۈللۈك بولمىدى. ئۇ ھاۋادا قانغۇدەك نەپەس ئالغاندىن كېيىن سۇغا شوڭغۇسىمۇ يەنە ئۇزۇن ئۆتمەيلا سۇ يۈزىگە چىقىپ نەپەس ئېلىشقا مەجبۇر بولاتتى. كىت بالىسىغا ئوخشاش سۇ ئاستىدا ئۇزۇنراق تۇرۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى، ئەمدى ئۇنىڭ كۆزىمۇ ئاغرىشقا باشلىدى. كۆزى بىلەن دېڭىز سۈيىنى ئايرىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى كۆزنى يۇمۇۋېلىش ئىدى. بىراق، ئۇنداق قىلسا دېڭىز ئاستىدىكى ئاشۇ تەشنا بولغان ئاجايىباتلارنى قانداقمۇ كۆرەلىسۇن، ھېرىپ - چارچىغان تاغىل ئاسلان دېڭىز ساھىلىغا چىقىپ بىر قورام تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى.

— نېمە ئۈچۈن مېنىڭ كۆزۈم ئاغرىيدۇ؟ — دېدى ئۇ كۆزىنى ئۇۋۇلاپ.

— سەنلا ئەمەس، ئادەتتە قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان بارلىق سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار سۇغا كىرگەن ھامان كۆزى ئاغرىيدۇ، — دېدى كىت بالىسى، — كىت تۈرىدىكى ھايۋانلارنىڭ

كۆزىدىكى بەز تەنچىسى بىر خىل مايسىمان كۆز يېغىنى ئاجرىتىپ چىقىرىپ، كۆزنى تۇزلۇق دېڭىز سۈيىدىن ئايرىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ خىلدىكى ھايۋانلار ئۆمۈرۋايەت دېڭىز سۈيىدە ياشىسىمۇ كۆزىنىڭ ئاغرىغانلىقىنى سەزمەيدۇ. بۇمۇ كىت تۈرىدىكى ھايۋانلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەت دېڭىز - ئوكيانلاردا ياشاش جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن بىر خىل ماسلىششچانلىقىدىن ئىبارەت.

— ئۇنداقتا مەن دېڭىزدا شۇڭغۇش ھۈنىرىنى ئۆگىنەلمەيدىكەنمەن - دە، — تاغىل ئاسلاننىڭ كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بولدى.

— ئەپسۇسلانما، تاغىل ئاسلان، — دېدى كىت بالىسى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، — سېنىڭ يامىشىش ۋە باشقا ماھارىتلىرىڭمۇ بەك قالتىس، مەنمۇ ئۇنى ئۆگىنەي دېسەم ھەرگىز ئۆگىنەلمەيمەن.

تاغىل ئاسلان چۈشەندى، ھەركىم ئۆز ماھارىتىنى، ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇشى، قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلارغا ھەۋەس قىلىپ ۋاقتىنى بىھۇدە ئىسراپ قىلماسلىقى كېرەك ئىكەن.

## بۇغىچاقنىڭ شادلىقى

تاغىل ئاسلاننىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن كىچىك ھايۋانلار يىغىلىپ پائالىيەت ئۆتكۈزمەكچى بولدى. پائالىيەتنىڭ تۈرى بەك كۆپ بولۇپ ھەر خىل قىزىقارلىق ئويۇن ئۇيۇشتۇرۇلغاندىن سىرت، بىر ۋاخ تاماقمۇ

ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى.
ئورمانلىقنىڭ يەنە بىر چېتىدە ياشايدىغان بۇغىچاق ئىـپ-لاننى تاسادىپىي كۆرۈپ قالدى. ئېلاندىكى «بىر ياشقا كىر-مىگەن ھايۋانلارلا قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ» دې-گەن سۆزلەرگە قاراپ: «مەن قاتناشسام بولىدىكەنغۇ» دەپ ئويلىدى ۋە ئېلاندىكى ئادرېس بويىچە تاغىل ئاسلاننىڭ ئۆيىگە كەلدى. دەرۋازا ئالدىدا چىرايلىق مۇراسىم كىيىمىنى كى-يىپ مېھمانلارنى قارشى ئېلىپ تۇرغان ئۇزۇن تۇكلۇك كۇچۇك بىلەن سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۇجىسى ئۇنىڭ يولىنى توستى.
— ۋۇي، سەن كىم؟ — دەپ سورىدى ئۇزۇن تۇكلۇك كۇچۇك بۇ ناتونۇش مېھماندىن.
— مەن ئورمانلىقنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى ئوتلاقتا ياشايدىغان بۇغىچاق بولىمەن. مەن سىلەرنىڭ ئورمانلىققا چاپلاپ قويغان ئېلانىڭلارنى كۆرۈپ پائالىيەتكە قاتناشقىلى كەلدىم، — دېدى بۇغىچاق ئەستايىدىل جاۋاب بېرىپ.
— ئېلاننى تولۇق كۆرمەپسەن، بۇ پائالىيەتكە بىر ياشقا توشمىغان ھايۋانلارلا قاتنىشىدۇ، — سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۇجىسى دىمىقىنى قاقتى.
— مەنمۇ بىر ياشقا كىـرمىدىم، شـۇڭا بـۇ يەرگە كەلدىم، — دېدى بۇغىچاق مۇلايىملىق بىلەن.
— بۇ گېپىڭگە كىم ئىشىنىدۇ. بويۇڭغا قارىسا چوڭلا كۆرۈنىدىكەنسەن، بولدى، بىزگە كاشىلا قىلما، قايتىپ كەت، — ئۇزۇن تۇكلۇك كۇچۇك كەسكىن ھالدا گەپنى ئۈزۈۋەتتى.
ئۆزىنىڭ ھەقىقىي يېشىنى ئىسپاتلاپ بېرىشكە ئامالسىز

قالغان بۇغىچاق كۆڭلى يېرىم قايتىپ كەتتى. ئۇ بۇ پائالىيەتكە بەكلا قاتناشقۇسى، نۇرغۇن يېڭى دوستلار بىلەن تونۇشقۇسى بار ئىدى، ئەمدى بۇ ئارزۇسى سۇغا چىلاشتى.

ئۇ ئاخىرى يىغلىۋەتتى، كۆز ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ تاراملاپ ئېقىشقا باشلىدى.

— بۇغىچاق، نېمىگە يىغلايسەن؟

قۇلىقىغا ئاڭلانغان يېقىملىق ئاۋازدىن ئۆزىنى سەل تونۇۋالغان بۇغىچاق كۆزىنى سۈرتۈپ، خىجىل بولغان هالدا بېشىنى كۆتۈردى. ئالدىدا دورا ئۆسۈملۈكى لىقمۇ لىق قاچىلانغان بىر سېۋەتنى كۆتۈرۈۋالغان دوختۇر پىل تۇراتتى.

بۇغىچاق ئۆزىنىڭ پائالىيەتكە قاتنىشالمىغىنىنى سۆزلەپ بەردى.

— خاتىرجەم بول، مەن بىلەن ماڭ، — دېدى دوختۇر پىل.

ئۇلار تاغىل ئاسلاننىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇزۇن تۇكلۇك كۆچۈك بىلەن سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چوجىسى هېلىمۇ دەرۋازا ئالدىدا ئۇزلۇكسىز كېلىۋاتقان مېهمانلارنى قارشى ئېلىۋاتاتتى.

— پىل دوختۇر، هارمىغايسىز، — دېدى ئۇلار ئەهۋال سوراپ، — دورا ئۆسۈملۈكى تېرىپ كەلگەن ئوخشىمامسىز؟

— هەئە، — دېدى دوختۇر پىل، — مەن سىلەرگە بىر مېهماننى تونۇشتۇرۇپ قويای دەپ كەلدىم.

دوختۇر پىل ئۆزىنىڭ ئارقىسىدا تارتىنىپ تۇرغان بۇغىچاقنى ئۇلارغا كۆرسەتتى.

ئۇزۇن تۇكلۇك كۆچۈك بىلەن سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چوجىسى بۇغىچاقنى كۆرۈپ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى.

— سىلەر ئۇنى بۇ پائالىيەتكە بىر ياشقا توشمىغان ھايۋانلارلا قاتنىشىدۇ، دەپ كىرگىلى قويماپسىلەر، ئەمەلىيەتتە، ئۇ سىلەرگە ئوخشاشلا بىر ياشقا توشقىنى يوق.

— بىز ئىلگىرى بوغىچاق بىلەن تونۇشمىغاچقا ئۇنىڭ ھەقىقىي يېشىنى بىلىشكە ئامالسىز قېلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ قويۇپتىمىز، — دېيىشتى ئۇلار ئوڭايسىزلىنىپ.

— ئۇنداقتا سىلەرگە چۈشەندۈرۈپ قوياي، — دېدى دوختۇر پىل، — بۇغا بىر ياشتىن ئىككى ياشقىچە بېشىغا پۇتاققا ئوخشاش بىر جۈپ مۈڭگۈز چىقىدۇ. ئۈچ ياشقا كىرگەندە يەنە بىرتال مۈڭگۈز شاخلايدۇ. تۆت ياشقا كىرگەندە مۈڭگۈزلىرى شاخلاشقا باشلاپ، بەش يېشىدا ئۈچ شاخ، ئالتە يېشىدا تۆت شاخ بولىدۇ. يەتتە ياشتىن كېيىن شاخلىنىشى توختايدۇ. گەرچە بۇنىڭدىن تاشقىرى بەزى ئەھۋاللار كۆرۈلسىمۇ، ئومۇمەن ئۇنىڭ يېشىنى بايقىۋالغىلى بولىدۇ. قېنى ئەمدى قاراپ بېقىڭلار، بوغىچاق قانچە ياشقا كىرىپتۇ؟

ئۇزۇن توكلۇك كۈچۈك بىلەن سېرىق توشقان ئۆردەك چۈجىسى قىزارغان ھالدا بوغىچاقتىن ئەپۇ سورىدى.

— بىزنى كەچۈرگىن، بوغىچاق، — دېدى ئۇلار ۋە ئۇنى ھۆرمەت بىلەن ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى.

بوغىچاق دوختۇر پىلغا چىن قەلبىدىن رەھمەت ئېيتتى. ئۇ بۇ كىچىك دوستلارغا قاراپ مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلدى.

بوغىچاق بارلىق كىچىك ھايۋانلار بىلەن تورلۇك قىزىقارلىق ئويۇنلارغا قاتناشتى. زىياپەت ئۈچۈن راسلانغان تەملىك، ئېسىل تاماقلاردىن يېدى. يەنە نۇرغۇن يېڭى دوستلار بىلەن تونۇشۇپ ئىنتايىن خۇشال بولدى.

# كۆڭۈللۈك ئۆتكەن كەچكى ئولتۇرۇش

دوختۇر پىل ئورمانلىقتىكى كىچىك دوستلارنى ئۆيىگە كەچلىك ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇزۇن تۇكلۇك كۆ-چۈك چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىپ دوختۇر پىلنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە دوستلىرىدىن تاغىل ئاسلان، مۇلايىم قوزىچاق، سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسى، كەپسىز مايمۇنچاق، شوخ ئوغلاقچان ئالللىقاچان كېلىپ بولغان ۋە ئۇنى ساقلىغاچ قىزغىن پاراڭغا چۈشكەنىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دەپ مېھمانخانىغا كىردى ئۇزۇن تۇكلۇك كۈچۈك

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — سورۇندىكىلەر ئورۇنلىرى-دىن تۇرۇپ ئۇزۇن تۇكلۇك كۈچۈك بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

دوختۇر پىلنىڭ ئايالى ئوتتۇرىدىكى چوڭ ئۈستەلگە ئايئاق داستىخاننى سېلىپ، ھۆل - قۇرۇق مېۋە - چېۋىلەر-نى تىزدى. ئاندىن بىر پىيالىدىن ئىشتىھانى غىدىقلىغۇچى قىزىل چايدىن قۇيۇپ ئۈلگۈردى. ئاڭغىچە ئاپتۇۋا بىلەن چىلاپچىنى كۆتۈرۈپ، پاكىز لۆڭگىنى مۈرىسىگە سېلىۋالغان دوختۇر پىل كىرىپ مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ قۇيدى. ئارقى-دىن چوڭ - چوڭ گۆشلەر بېسىلغان لېگەنلەردە تاماقلارنىڭ شاھى - سۇلتانى بولغان پولۇ تارتىلدى.

مېھمانلار «ئالسىلا - باقسىلا» بىلەن بىر - بىرىگە سالا

قىلىشىپ لېگەنلەرنى بوشاتتى ـ دە، كېكىرىشكىنىچە پىيا-
لىدىكى ئاچچىق چايلارغا قول ئۇزىتىشتى.

مېھمانلارنىڭ قورساقلىرى تويغاننى كۆرۈپ ساھىبخانا دوختۇر پىل بۇ سورۇننى تەشكىللىشىدىكى مەقسىتىنى ئىز-
ھار قىلدى. ئۇ ئورمانلىقتىكى ھايۋانلارنىڭ ئىتتىپاق ياشا-
ۋاتقانلىقىنى، بۇنداق مۇناسىۋەتنى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋام-
لاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىپ، بۈگۈن كەچتە خۇشال ـ خۇ-
رام ئويناپ كۆڭۈل ئېچىشنى تەلەپ قىلدى. تاغىل ئاسلان ئۇنىڭ قىزغىن كۈتۈۋالغانلىقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى ھەم دوختۇر پىلنىڭ تەكلىپى بويىچە قولىغا دۇتارنى ئې-
لىپ سازلىدى ـ دە، مۇڭلۇق بىر پەدىگە چېلىشقا باشلىدى.
ۋاھ، قارا كۆز بۇغىچاقنى كارامەت ئۇسسۇلچى دەپ كىم ئويلىغان، ئۇنىڭ لەرزان ئۇسسۇلى ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىنى يايرىتىۋەتتى.

نەپىس، يېنىك ھەرىكەت ئارقىلىق ئۇسسۇلغا تارتىشى بىلەن سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۆجىسى، كەپسىز مايمۇن-
چاق، شوخ ئوغلاقچانلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چۈش-
تى. ئاخىرىدا تارتىنچاق مۇلايىم قوزىچاقمۇ جايىدا ئولتۇرال-
مىدى، پەدىلەر ئالمىشىپ تۇردى، ئۇسسۇلمۇ ئۇزۇن داۋام قىلدى. ھاردۇق يېتىپ ئورنىدا ئولتۇرغان تاغىل ئاسلان:

— بىردەم ئارام ئالغاچ، تېپىشماق ئېيتىشمايمىز-
مۇ؟ — دېدى.

كۆپچىلىك قوشۇلدى ۋە بەس ـ بەس بىلەن ھەم قى-
يىن، ھەم تەس تېپىشماقلارنى ئېيتىپ، تاپالمىغانلارنى يۇ-
مۇر ئېيتىشقا ياكى باشقا قىزىقچىلىقلارنى قىلىشقا مەجبۇر قىلىپ، سورۇننىڭ كەيپىياتىنى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقاردى.

يېڭىلا قورۇپ تەييار قىلىنغان بېلىق قورۇمىسىنى كۆ-
تۈرۈپ كىرگەن پىلمۇ ئۇلارنىڭ ئويۇنىغا قاتناشتى.

— ۋۇي، قېنى قايسىڭلار ماۋۇ تەخسىدىكى بېلىقنىڭ
يېشىنى ئېيتىپ بېرەلەيسىلەر؟ — دېدى ئۇزۇن تۈكلۈك
كۈچۈك.

— سەن ئېلىشىپ قالدىڭمۇ، قورۇلۇپ تەخسىگە چى-
قىپ بولغان بېلىقنىڭ يېشىنى قانداق بىلگىلى بولىدۇ؟ —
دېدى بۇغىچاق.

— باھانە كۆرسىتىپ ئۇنىڭ يېشىنى ئېيتىپ بېرىشنى
رەت قىلساڭلار ھەممىڭلار ئۇتتۇرغان بولىسىلەر، — دېدى
ئۇزۇن تۈكلۈك كۈچۈكمۇ بوش كەلمەي.

— بوپتۇ، بىز ئۇتتۇرغان بولايلى، — دېدى مۇلايىم
قوزىچاق، — بۇ بېلىقنىڭ يېشىنى سەن دەپ باققە.

ئۇزۇن تۈكلۈك كۈچۈكنىڭ ئاغزى تۇۋاقلىنىپ قالدى.
چۈنكى ئۇمۇ بېلىقنىڭ يېشىنى قانداق پەرقلەندۈرۈشنى
بىلمەيتتى.

— مىنىڭچە، بۇ بېلىقنىڭ يېشىنى ھېچكىم بىل-
مەيدۇ، — دېدى ئۇ يېڭىلگىنىگە تەن بەرمەستىن.

— ئەگەر تاپساقچۇ؟ — شوخ ئوغلاقجانمۇ بوش
كەلمىدى.

— بولدى، ئەتە مەن سىلەرنى مېھمان قىلاي، — دەپ
قولىنى كۆكرىكىگە قويدى ئۇزۇن تۈكلۈك كۈچۈك.

— كېلىشتۇق، — دېدى مايمۇنچاقمۇ تالاش - تارتىشقا
ئارىلىشىپ، — كۆپنىڭ ئەقلى كۆپ، كۆپچىلىكنىڭ
ئەقىل - پاراسىتىگە تايانساق بىز ئۈچۈن قىلغىلى بولمايدى-
غان ئىش، يەشكىلى بولمايدىغان سىر يوق.

— مايمۇنچاق، توغرا ئېيتىدۇ، — دېدى دوختۇر پىل ماختاپ، — كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە ھېچقانداق نەرسە توغرا كەلمەيدۇ.

— سىز ئىنتايىن ئەقىللىق، دوختۇر، — دېدى سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۇجىسى ئىشەنچ بىلەن، — سىز بىزنىڭ نۇرغۇن بىلىملەرنى ئىگىلىۋېلىشىمىزغا ياردەم قىلدىڭىز، ئېيتىپ باقامسىز، بۇ بېلىق زادى قانچە ياشقا كىرگەندۇر؟

ھەممەيلەننىڭ كۆزى دوختۇر پىلغا مەركەزلەشتى. دوختۇر پىل تەخسىدىكى بېلىقنى چوكىدا قىسىۋېلىپ تەپسىلىي كۆزەتتى.

— بۇ بېلىق تورغا چۈشۈشتىن ئىلگىرى ئىككى يىللىق بولغانىكەن، — دېدى ئۇ قەتئىيلىك بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈپ.

— بۇنى قانداق بىلدىڭىز؟ — دېدى ئۈزۈن تۇكلۇك كۈچۈك ئىشەنمىگەندەك قىلىپ.

— دەرەخلەرنىڭ يىل ھالقىسىغا ئاساسەن ئۇنىڭ يېشىنى بەلگىلىگىلى بولىدىغانلىقى سىلەرگە ئايان. بۇ ئۇسۇل بېلىق تۇرلىرى ۋە بەزى سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ يېشىنى بەلگىلەشكىمۇ باب كېلىدۇ. چۈنكى بېلىق قاسىرىقى ۋە بەزى سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ ئۈستىخانلىرىدىكى قاتلام قۇرۇلمىلىرى ئۇلارنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ يىلدىن ـ يىلغا قېلىنلايدۇ. بېلىق قاسىراقلىرىنىڭ ھەربىر يىل قاتلىمى ئالدىنقى قىش پەسلىدىكىگە مۇناسىپ ئۆسىدۇ. قىشتا تېمپېراتۇرىنىڭ تۆۋەنلىشى ۋە ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ ئازىيىپ كېتىشى سەۋەبىدىن بېلىقلارنىڭ ئۆسۈشى ئاستىلايدۇ، نەتىجىدە يىلدا بىر «يىل قاتلىمى» قوشۇلىدۇ. ئەگەر-

ده بېلىق قاسىرىقى بەك كىچىك بولۇپ ئۇنىڭ «يىل قاتلە-
مى» نى پەرق ئەتكىلى بولمىسا ياكى قاسىرىقى يوق بېلىق
بولسا، ئۇلارنىڭ يېشىنى بېلىقنىڭ قۇلىقىدىكى تاشنى ئىنە-
چىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ كۆرۈڭ، چۈنكى، ھەربىر بې-
لىقنىڭ قۇلاق ئىچكى قىسمىدا ئۈچ پارچە تاش بولۇپ،
ئۇنىڭدىن ئەڭ چوڭىنى مىكروسكوپتا تەكشۈرسىڭىز، تاش-
نىڭ سىرتقى قىسمىدا «يىل قاتلىمى» نى كۆرەلەيسىز. مانا
قاراڭلار، بېلىقنى تازىلىغاندا دىققەتسىزلىكتىن قېپقالغان
مۇنۇ قاسىراقنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتسەڭلارلا بۇ بېلىق-
نىڭ يېشىنى بىلەلەيسىلەر.

كۆپچىلىك دەرھال دوختۇر پىل كۆرسەتكەن قاسى-
راققا سىنچىلاپ قاراپ ئۇنىڭ ھۆكۈمىنىڭ توغرىلىقىنى
تەستىقلىدى.

— مەن ئۇتتۇرغان بولدۇمغۇ، ئەمدى بولدى قىلاي-
لى، — دېدى ئۇزۇن توكلۇك كۈچۈكنىڭ نەپسى تاقىلە-
داپ، — بېلىقنىڭ يېشىنى بىلىشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى
بولسۇن.

— نېمىشقا ئەھمىيىتى بولمايدىكەن، — دېدى دوختۇر
پىل جىددىي قىلىپ، — كۆپلىگەن بېلىقلارنىڭ يېشى ئارقى-
لىق ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆسۈش سۈرئىتى ۋە ئوتتۇرىچە
ئۆلۈش نىسبىتىنى ھېسابلاپ چىققىلى ۋە بۇ خىل بېلىقلار-
نىڭ ساغلاملىق ئەھۋالىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ. ئۆسۈش
سۈرئىتى تېز، مەھسۇلات مىقدارى يۇقىرى بولغان بېلىق
توپلىرىغا نىسبەتەن كەڭ كۆلەمدە تۇتۇش پىلانىنى تۈزۈپ
چىقىش — بېلىق تۈرلىرى مەنبەسىنى قوغداشقا پايدىلىق.

ئۇزۇن تۈكلۈك كۈچۈك ئۆزىنىڭ مەسىلىگە يۈزەكى
پىكىر يۈرگۈزگەنلىكىدىن خىجىل بولۇپ قالدى. شۇنداقتى-

مۇ باشقىلار بىلەن تەملىك بىلىق قورۇمىسىغا ئىغىز تې-
گىپ، بۇگۇنكى كەچكى كۆڭۈل ئېچىشتىن ئىنتايىن رازى
بولۇپ كەتتى ۋە كۆڭۈل ئېچىش ئاخىرلىشىپ كۆپچىلىك
خۇشال هالدا ئۆيىگە قايتىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقان چاغدا هەمـ-
مەيلەننى ئەتە كەچتە ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى.

## كىتابخۇمار قوزىچاق

مۇلايىم قوزىچاق كىتاب ئوقۇشقا بەك ئامراق ئىدى،
بوش ۋاقتى بولسىلا كىتاب ئوقۇيتتى.

بىر كۇنى ئۇ ئىشتىياق بىلەن كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتـ-
تى، ئۆيىگە شوخ ئوغلاقجان كىرىپ كەلدى.

— ۋاي - ۋۇي، يەنە كىتاب ئوقۇغىلى تۇردۇڭمۇ؟ —
دېدى ئۇ بىزار بولغان هالدا، — كىتابتىن ساڭا نېمە
چىقىدۇ.

— ئۇنداق دېمە، ئوغلاقجان، كىتاب ئوقۇش پايدىلىق.
ئەگەر ۋاقتىڭ بولسا سەنمۇ كىتاب ئوقۇغىن، — دېدى ئۇ
سەمىمىيلىك بىلەن.

— مەن ساڭا ئوخشاش بىكار تۇرماي كىتاب ئوقۇيدىغان
ئەخمەق ئەمەسمەن، مانا قارا كىتاب ئوقۇمايمۇ بىر ئوبدان
ياشاپ كېلىۋاتىمەنغۇ؟ — دېدى شوخ ئوغلاقجان.

— كىتاب ئوقۇمايمۇ ياشىغىلى بولىدۇ، بىراق هاياتـ-
نىڭ چىن مەنىسىنى چۈشىنىپ ئەهمىيەتلىك ياشاش بۇ باشقا
گەپ.

— پەتىۋالىرىڭمۇ تولىكەن، قوزىچاق، كىتاب ئوقۇيدـ-

غان ئادەم سەندەك سۆزلەيدىغان بولۇپ قالسا مەن مەڭگۈ كىتاب ئوقۇماسمەن، — دېدى شوخ ئوغلاقچان دىمىقىنى قېقىپ.

مۇلايىم قوزىچاق ئۇن چىقارمىدى، پەقەتلا ئەپسۇسلانغان هالدا مۇرىسىنى قىسىپ قويدى.

— بۈگۈن هاۋا ئىنتايىن ياخشى. ئورمانلىقتا بېرىپ بۆلجۈرگەن تېرىپ كېلەيلى، كىتاب ئوقۇپمۇ چارچىغانسەن، — دېدى ئوغلاقچان كۆيۈنگەن هالدا.

مۇلايىم قوزىچاق «ئۇ ماڭا كۆيۈنۈپ شۇنداق نەسىهەت قىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭدىن خاپا بولۇپ بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلماي كۆڭلىنى قايتۇرسام قاملاشماس» دەپ ئويلىدى ـ دە، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئورمانلىققا بېرىپ بۆلجۈرگەن تېرىپ كېلىشكە ماقۇل بولدى.

ئۇلار ئورمانلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ شۇنچە ئىزدىگەن بولسىمۇ بۆلجۈرگەن تاپالمىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئاۋارە بولغانغا يارىشا هېچنېمە تاپالماي قۇرۇق قول قايتىشقا رازى بولسۇنمۇ، ئۇلار ئىزدە ـ ئىزدە ئورمانلىققا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىۋېرىپ بىر ـ بىرىدىن سەل يىراقلاپ كېتىشتى.

«ۋاھ، ۋاھ! نېمىدېگەن مەي باغلاپ پىشىپ كەتكەن بۆلجۈرگەنلەر ـ هە!» مۇلايىم قوزىچاق بىر غول چاتقاللىقنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى غۇچچىدە پىشقان بۆلجۈرگەننى كۆرۈپ، خۇشاللىقتىن ئىتتىك بېرىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرغىنىچە ئەمدىلا تېرىشكە باشلىۋىدى، قاتتىق هۆركىرىگەن ئاۋاز ئورمانلىقنى زىلزىلىگە سېلىۋەتتى. ئۇ بىر قاراپلا چىرايلىرى تاتىرىپ كەتتى. ئالدىدا يوغان بىر ئېيىق هېلىلا

ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنى تىتىۋېتىدىغاندەك غەزەپ بىلەن قاراپ تۇراتتى.

«ئالدىراقسانلىق قىلىشقا بولمايدۇ» دەپ ئۆز - ئۆزىگە مەدەت بەرگەن مۇلايىم قوزىچاق كاللىسىنى سەگەك تۇتتى - دە، ئېيىقنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ، باشقا قالايمىقان ھەرىكەت قىلماستىن قولىدىكى ئازغىنە بۆلجۈرگەن سىپىلىنغان سېۋەتنى يەرگە قويدى، ئېيىقنىڭ كۆزىگە قادىلىپ قارىغاچ بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن ئارقىغا چېكىنىدى، تاكى ئېيىق كۆرۈنمىگەنگە قەدەر شۇنداق چېكىنىپ ئاندىن قاچتى. تەخمىنەن يېرىم سائەتلەردىن كېيىن «ئېيىق كېتىپ بولدى» دەپ پەرەز قىلىپ، قوزىچاق ئارقىسىغا يېنىپ ھېلىقى يەرگە باردى. ھەقىقەتەنمۇ ئېيىق كېتىپ بولغانىدى. ئۇ خاتىرجەم ھالدا بايا تاشلاپ قويغان سېۋەتكە بۆلجۈرگەننى لىق تولدۇرۇپ بولغاندا شوخ ئوغلاقجان كەلدى.

— بايا ئېيىقنىڭ نەرە تارتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ساڭا خەتەر يېتىپ قالدىمىكىن، دەپ بەك ئەنسىرىدىم، — دېدى ئۇ.

— مۇشۇ يەرگە كەپتىكەن، قاتتىق ھۆركىرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، ئۇ ئۆرە بولغان ھالدا ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ، دەسلەپ ھەقىقەتەن قورقتۇم، — دېدى مۇلايىم قوزىچاق.

— ئۇ نېمىشقا ئۆرە بولۇۋالىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئوغلاقجان.

— يالغۇز ئېيىقلا ئەمەس، بارلىق ھايۋانلار رەقىبى بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۆزىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى كۆز - كۆز قىلىپ رەقىبىنى تىز پۈكتۈرمەكچى بولىدۇ. ئېيىقنىڭ ھۇ-

جۇم قىلىش، تۇتۇشتىكى مەقسىتى ئوۋ قىلغان نەرسىنى يەۋېتىش. دېمەك، قارشى تەرەپنى قاچۇرۇپ قويماسلىق كې-رەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيىق ھامان ئەتراپنى قاپسىۋالغاندەك ئېگىز يوپۇرۇلۇپ كېلىپ قارشى تەرەپنى تۇگۇلۇپ يېتىشقا مەجبۇرلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن قارشى تەرەپنى ئاسانلا تۇتۇ-ۋالىدۇ.

— سەن ئۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلدۇڭ؟ «ئېيىقنىڭ ھۇ-جۇمىغا ئۇچرىغاندا ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋالساڭ، خەۋپتىن قۇتۇلىسەن» دېگەن گەپ بار. سەنمۇ شۇنداق قىلدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ياق، — دېدى مۇلايىم قوزىچاق، — ئېيىق ئادەتتە تىرىك ھايۋانلارنىلا يەيدۇ. لېكىن قورسىقى ئاچقاندا ئۆلۈك-نىمۇ پوش دېمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆلگەن بولۇپ يېتى-ۋالغان بىلەنمۇ تەندە تىرىكتە بولىدىغان ھارارەت بولغاچقا پەنجىسى بىلەن يارىلاندۇرۇپ قويۇشى، ھەتتا يەۋېتىشى مۇم-كىن. شۇڭا ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋېلىش خەتەرلىك.

ئۇ ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ قۇتۇلغانلىقىنى تولۇق سۆز-لەپ بەردى.

— ئەگەر قولۇڭدا سېۋەت بولمىغىنىدا قانداق قىلات-تىڭ؟ — دەپ سورىدى ئوغلاقجان.

— قولدا ھېچنېمە بولمىسا، كىيىمنى تاشلاپ قويۇپ ئېيىقنىڭ كۆزىگە قادىلىپ قارىغاچ بىر قەدەم - بىر قەدەم چېكىنىش كېرەك، ئەكسىچە، چۇقان سېلىپ، قالايمىقان قېچىش ئېيىقنى ئەسەبىيلەشتۈرۈپ پايدىسىز ئاقىۋەت ئەكېلىدۇ.

— سەن نېمىدېگەن ئەقىللىق، قوزىچاق، بۇنچىۋالا

كۆپ بىلىملەرنى نەدىن ئۆگىنىۋالغانسەن، — دېدى شوخ ئوغلاقچان ھەۋەسلەنگەن ھالدا.
— ئەلۋەتتە، كىتابتىن ئۆگەندىم - دە.
شوخ ئوغلاقچان مولايىم قوزىچاقنى كىتابنى كۆپ ئوقۇيسەن، دەپ ئەيىبلىگىنىگە پۇشايمان قىلدى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن پۇرسەت بولسىلا كىتاب ئوقۇپ بىلىم ئىگىلەشكە بەل باغلىدى.

## يولۋاس بىلەن بەسلىشىش

تاغىل ئاسلان ئورمانلىقتا سەيلە قىلىپ كېتىۋېتىپ قويۇق چاتقال ئارىسىدا بەستى ناھايىتى چوڭ، ئەمما تۇرقى ئۆزىگە ئوخشاپ قالىدىغان، قارا سىزىقلىق تۈكلىرى ئىنتايىن كۆركەم بىر مەخلۇقنىڭ ياتقانلىقىنى كۆردى.
«بۇ قانداق ھايۋاندۇر؟ بەستىنىڭ بەكلا چوڭلۇقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ماڭا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن» دەپ ئويلىدى تاغىل ئاسلان، ئەمما ھېلىقى مەخلۇقنىڭ ئۆزىگە مەنسىتمىگەندەك بىر قاراپ قويۇپ بېشىنىمۇ كۆتۈرمىگەنلىكىگە قورسىقى كۆپتى.
— ھەي، سەن قانداق تەكەببۇر مەخلۇقسەن؟ — دېدى تاغىل ئاسلان ئاچچىقى بىلەن.
— ماڭا گەپ قىلىۋاتامسەن، شۇمتەك، ماڭا بۇنداق قوپال تېگىشكە قانداق جۈرئەت قىلدىڭ، — بىر خىل ھەيۋەتلىك ئاۋاز تاغىل ئاسلاننى چۆچۈتىۋەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئىشەنچ بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ قاراپ تۇردى.

— قارىماققا كۆچلۈكتەك كۆرۈنگىنىڭ بىلەن تازا بىر
لەقۋا، ھۇرۇن بىرنېمىكەنسەنغۇ.

ئۇ مەخلۇق ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ كېرىلدى.

— ئۆزۈڭ كىچىككىنە بولغان بىلەن گېپىڭ ئەجەب
چوڭغۇ، قانچىلىك كارامىتىڭ بار سېنىڭ.

— مېنى بوش چاغلىما، مەن بىلەن بەسلىشەلەي-
سەن، — تاغىل ئاسلان قۇيرۇقىنى كۆتۈرۈپ گىدەيگەن ھال-
دا تۇراتتى.

— ۋاھ، بۇ قالتىس گەپ بولدى. بەسلەشسەك بەسلەش-
تۇق. قېنى ئېيتىپ باقمامسەن، قانداق بەسلىشىمىز؟

تاغىل ئاسلان ئويلىنىپ قالدى. «مەن ئۆتكۈر تىرناق-
لىرىمغا تايىنىپ دەرەخ ۋە تاملارغا يامىشىشقا ماھىر، ئۇنىڭ
بەستى چوڭ بولغاندىكىن دەرەخكە چىقالماسلىقى مۇمكىن،
شۇڭا نېمىشقا دەرەخكە چىقىشتا بەسلىشىپ ئۇنىڭ ھەيۋىسى-
نى يەرگە ئۇرمايمەن.»

— ماقۇل، يېنىڭدىكى دەرەخكە چىقالىساڭ، مەن ئۇت-
تۇرغان بولاي، — دېدى تاغىل ئاسلان كۆرەڭلەپ.

— يېڭىلىپ قالساڭ، ماڭا بىر ۋاخ غىزا بولۇشتىن
باشقا ئامالىڭ يوق.

— بولىدۇ.

— ئەگەر سەن يېڭىۋالساڭچۇ؟

— مەن ھەرگىز يېڭىۋالمايمەن.

— ئېغىزىڭدىكى سۆزگە كىم ئىشىنىدۇ، شۇڭا بىرنەچچە
گۇۋاھچى تاپايلى.

— بوپتۇ، مەن گۇۋاھچى بولىدىغانلارنى تېپىپ كې-
لەي، — دېدى تاغىل ئاسلان ۋە سەل ئويلىنىپ، — مەن

...لىپ بولغۇچە قېچىپ كەتسەڭ قانداق قىلىمەن.
— خاتىرجەم بول، مەن ئەزەلدىن گېپىمدە چىڭ تۇ-رۇپ كەلگەن.
تاغىل ئاسلان گۇۋاھچى تېپىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس - خىيالى بۇ يوغان مەخلۇقنى يېڭىپ دوستلىرىنى ھەيران قالدۇرۇشتا قالغانىدى. ئۇ ئالدىراپ كېتىۋاتقىنىدا دوختۇر پىلغا سوقۇلۇپ كەتكىلى تاسلا قالدى.
— ساڭا نېمە بولدى، تاغىل ئاسلان؟
— ئەجەب ياخشى بولدى، تۇنجى بولۇپ سىزنىڭ ئۇچ-راپ قالغىنىڭىزنى دەيمىنا، قارىغاندا ئىشلىرىم ھەقىقەتەن ئوڭۇشلۇق بولىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى خۇشال بولۇپ كەتكەن تاغىل ئاسلان ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي، — مەن ئورمانلىقتا يوغان بىر مەخلۇققا ئۇچراپ قالدىم. بىز بەس-لەشمەكچى بولدۇق. شۇڭا مەن بىرنەچچە گۇۋاھچى تاپقىلى ماڭغانىدىم.
— قانداق مەخلۇقكەن ئۇ؟ — دېدى دوختۇر پىل قىزىقىپ.
تاغىل ئاسلان سۆزلەپ بەردى. دوختۇر پىل بىردەم تۇرۇپ كېتىپ:
— ئۇنىڭ بەدەنلىرىدە قارا سىزىق بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— ھەئە، سىز ئۇنى تونۇمسىز؟
— تونۇمايچۇ، ئۇ دېگەن «ھايۋانات پادىشاھى» دەپ ئاتالغان يولۋاس بولىدۇ. سەن ئۇنىڭ بىلەن بەسلىشىپ خەتەرلىك ئىشقا تەۋەككۇل قىپسەن.
— خاتىرجەم بولۇڭ، دوختۇر. ئۇ دەرەخكە چىقالىسىلا

مەن ئۇتتۇرغان بولىمەن، ئۇنىڭ بەستى شۇنداق يوغان تۇرسا قانداقمۇ دەرەخكە چىقالىسۇن.

— ئاپلا، بۇ تېخىمۇ چاتاق بوپتۇ، — دېدى دوختۇر پىل جىددىيلىشىپ، — يولۋاس مۇشۇكلەر ئائىلىسىگە تەۋە هايۋان.

— نېمىشقا بىزنىڭ جۇغىمىزدا كۆپ پەرق بار، — دېدى تاغىل ئاسلان گەپنى بۆلۈپ.

— ھەتتا يولۋاسلارنىڭمۇ چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش-مايدۇ. بىپايان ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا ياشاۋاتقان يولۋاسلارنىڭ ئەڭ چوڭلىرى سىبىرىيىنى ماكان قىلغان، ئەڭ كىچىكى ھىندونېزىيىنىڭ بالى ئارىلىدا ياشايدۇ. دېمەك، ماكانى شىمالغا يېقىنلاشقانسېرى، يولۋاس ئېھتىياجلىق كىلىماتقا ئېرىشكەچكە، بەستى چوڭىيىپ بارىدۇ. مۇشۇك ئائىلىسىگە مەنسۇپ بولغان يولۋاس، شىر ۋە يىلپىز قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىرقەدەر ئۆتكۈر تىرنىقى بولىدۇ. بۇ دەرەخكە چىقىشتا بەك ئەسقاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يولۋاسمۇ تىرناقلىد-رىدىن پايدىلىنىپ دەرەخكە چىقالايدۇ. لېكىن يولۋاس دە-رەخكە چىقىشنى ياقتۇرۇپ كەتمەيدۇ. ئاساسەن ئوۋ قىلىشقا قولايلىق بولغان يەر يۈزىدە پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ.

— ئۇنىڭ تۇرقىنىڭ ماڭا ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس قىلد-غان بولسامۇ، ئۇنىڭ دەرەخكە چىقالىشىنى خىيالىمغا كەل-تۇرمىگەنىكەنمەن.

— يولۋاسنىڭ ئەكسىچە يىلپىز دەرەخكە چىقىشقا تېخى-مۇ ئۇستا، ئۇ ھەمىشە دەرەخ شېخىغا چىقىۋېلىپ ئارام ئالىدۇ. ئوۋ نىشانى كەلگەن ھامان سەكرەپ چۈشۈپ ھۇجۇم قىلىدۇ. يىلپىزنىڭ تېنى يولۋاستىن يەڭگىل بولىدۇ. يىل-

پىزغا سېلىشتۇرغاندا يولۋاسنىڭ تېنى چوڭ، دەرەخكە چى-
قىشقا سەل بىئەپ، ئۇ ئورمانلىقتا كىرىۋېلىشنى ياخشى
كۆرىدۇ. بەدىنىدىكى قارا سىزىقلار قوغدىنىش رولىنى ئۆتە-
گەچكە هايۋانلار ئۇنى ئاسان سېزەلمەيدۇ.

— بىزنىڭ جەمەتنىڭ ئەزالىرى نەقەدەر يامان-
ھە! — دېدى تاغىل ئاسلان پەخىرلەنگەن هالدا، بىراق يول-
ۋاس بىلەن بەسلىشىش ئىشى ئېسىگە كېلىپ كاللىسىنى غەم
باستى.

— مېنى ئەمدى يولۋاس يەپ كېتىدىغان بول-
دى، — دېدى ئۇ بىئارام بولۇپ، — ئەگەر ئۆلۈپ كېتىپ
قالسام بىزنىڭ كۆرۈشۈشىمىز مۇشۇ بولۇپ قالىدىغان چې-
غى، مەندىن رازى بولۇڭ، دوختۇر، سىزنى رەنجىتىپ
قويغان يەرلىرىم بولسا كەچۈرۈۋېتىڭ.

— ئەخمەق، مۇشۇنداقلا ئۆلۈپ كەتمەكچىمۇسەن، —
دېدى دوختۇر پىل زەردە قىلىپ، — هايات دېگەن شۇنچە
قەدىر سىزمۇ.

— بىراق، مەن ۋەدەمدىن يانالمايمەن، دوختۇر، ۋەدى-
سىدە تۇرماسلىقنى نومۇس دەپ بىلىمەن، شۇڭا، ئۇ «هايۋا-
نات پادىشاهى»غا يەم بولۇپ كەتسەم دوستلىرىممۇ مەندىن
ئاغرىنمايدۇ. بۇ قورقۇنچاقلىق قىلىپ ئۆلۈمدىن قاچقاندىن
ئەلا ئەمەسمۇ.

— گېپىڭ توغرا، تاغىل ئاسلان، سەندە مۇشۇنداق
جاسارەت بولغاچقا، هەممەيلەن سېنى ياخشى كۆرىدۇ، ياقتۇ-
رىدۇ. بىز ئويدان ئويلانساق، بۇنىڭغا چارە تاپالايمىز.

دوختۇر پىل ئاخىر چارە تاپتى. ئۇ تاغىل ئاسلاننىڭ
قۇلىقىغا پىچىرلاپ كۆڭلىگە پۈككەننى ئېيتتى ۋە:

— مۇشۇنداق قىلساڭ سەنمۇ ۋەدەڭدە تۇرغان، ئۆلۈمدىن قورقمىغان بولىسەن، يولۋاسمۇ سېنى يېيىشنى خىيالىغا كەلتۈرۈشتىنمۇ قورقىدىغان بولىدۇ.

— رەھمەت، دوختۇر، سىز مېنىڭ شەپقەتچىم، — دېدى دوختۇر پىلنىڭ تاپقان چارە - ئاماللىرىنى ئاڭلاپ خۇشال بولغان تاغىل ئاسلان.

دوختۇر پىل تاغىل ئاسلان كۆرسىتىپ بەرگەن يول بىلەن مېڭىپ، تاغىل ئاسلاننىڭ گۇۋاھچىلارنى تېپىپ ئەكېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان يولۋاسنىڭ يېنىغا كەلدى.

— قاياقتىن كېلىۋاتىسىز، پىل ئاكا؟ — دەپ سورىدى يولۋاس ئەدەب بىلەن.

— قىسقۇچپاقىنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ قايتىشىم، — دېدى پىل جاۋاب بېرىپ، — بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

— تۇرقى ماڭا ئوخشايدىغان، ئەمما جۈغى بەك كىچىك بىر شۇمتەك بىلەن بەسلەشمەكچىدۇق، ئۇ بىر نەچچە گۇۋاھچى تاپقىلى كەتكەنىدى. شۇنى ساقلاپ تۇرۇۋاتىمەن.

— ھە، تاغىل ئاسلان پالۋاننى دەمسىز، ئەپسۇس، سىلەر بۈگۈن بەسلىشەلمەيدىغان بولدۇڭلار.

— نېمىشقا، ئۇ ۋەدىسىدىن يېنىۋالماقچىمىكەن، — دېدى يولۋاس.

— يوقسۇ، ئۇ ھەرگىز ۋەدىسىدە تۇرمايدىغانلاردىن ئەمەس، ئاڭلىدىڭىزمىكىن، يەر تەۋرەپ ئاۋۇ تەرەپتىكى بىر تاغنىڭ چوققىسى قاپ بېلىدىن ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، تاغ ئېتىكىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان بىر چوڭ دەريانى توسۇۋالغانىكەن، — دېدى دوختۇر پىل ئورماننىڭ بىر چېتىنى كۆر-

سىتىپ، — نەتىجىدە باش تەرىپىدە تاشقىن پەيدا بولۇپتۇ. ئاياغ تەرىپىدە ئاشۇ دەرياغا تايىنىپ ياشايدىغان نۇرغۇن ھاي-ۋانلار قۇرغاقچىلىق ئاپىتىدە قاپتۇ. شۇڭا ئۇلار تاغىل ئاس-لان پالۋاندىن ياردەم سوراپ جىددىي ئەلچى ئەۋەتىپتىكەن، ئۇ دەريا سۈيىنى توسۇۋالغان چوقىنى جايىغا ئېلىپ قويۇپ، ئۇلارنى ئاپەتتىن خالاس قىلغىلى كېتىپ قالدى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ يولۋاسنى قورقۇنچ باستى: «ياپىر، نېمىدېگەن كۈچلۈك - ھە، مەن ئۇنىڭغا ئوخشاش يوغان بىر دەريا قىنىنى ئېتىۋالغان تاغ چوققىسىنى كۆتۈرۈپ جايىغا ئېلىپ قويالايدىغان پالۋاننىڭ بارلىقىنى ئاڭلىمىغانىكەنمەن، مەن بىر ئامال قىلىپ ئاستا كېتىۋالاي» دەپ ئويلىدى.

— مېنىڭمۇ بېجىرىدىغان مۇھىم ئىشىم بار ئىدى. مەن شۇنى قىلىۋالسام تاغىل ئاسلان پالۋانغا مەندىن سالام ئېيتىپ قويۇڭ، كېيىنچە كۆرۈشەرمىز، — دېدى - دە غىپپىدە تىكىۋەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن يولۋاس تاغىل ئاسلان بىلەن ئۇچرى-شىپ قېلىش ئېھتىمال بولغان جايلارغا ھەرگىز قەدەم باس-مايدىغان بولدى. تاغىل ئاسلانمۇ دوختۇر پىلىنىڭ ياردىمىدە «ھايۋانات پادىشاھى»نى مەغلۇپ قىلغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى، ئەمما دوستلىرىغا بۇ ھەقتە ھېچقانداق تىنمىدى.

## قوزىچاقنىڭ يېڭى دوستى

مۇلايىم قوزىچاق تېرىغان كۆكتاتلار بەك ئوخشىغان-دى. دوستلىرى ئۇ ئەۋەتكەن كۆكتاتلارنى تاپشۇرۇۋېلىپ

ئىنتايىن خۇرسەن بولدى ۋە مۇلايىم قوزىچاققا رەھمەت ئېيت-
تىش ئۇچۇن ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى.
— سېنىڭ كارامەت ئېپىڭ بار ئىكەن، — دېدى تاغىل
ئاسلان.
— مەن بۇنداق يوغان يېسىۋېلەكنى يەپ باقمىغان، —
دېدى شوخ ئوغلاقجان.
— ھەم چوڭ، ھەم يۇمىلاق پەمىدۇرلار نېمىدېگەن
مەززىلىك، — دېدى كەپسىز مايمۇنجان.
— سەن ئۆستۇرگەن پۇرچاقلار ھەقىقەتەن توق دان
تۇتۇپتۇ، — دېدى سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسى.
مۇلايىم قوزىچاق دوستلىرىنىڭ سەمىمىي ماختاشلىرى-
دىن سۆيۈندى.
— بىراق، — دېدى شوخ ئوغلاقجان، — مەن تېرىغان
يېسىۋېلەكلەر يۇمشاپ سېسىپ زىيانغا ئۇچرىدى.
— پەمىدۇرلىرىم يېشىل قۇرتنىڭ زىيانكەشلىكىگە
ئۇچرىغاچقا، ئوبدان ھوسۇل ئالالمىدىم، — دېدى كەپسىز
مايمۇنچاق.
— مېنىڭ پۇرچاقلىرىممۇ، ئارپىلىرىممۇ ئاينىمى-
دى، — دېدى سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسى.
— قوزىچاقنى كۆكتاتلارغا سېھىر ئىشلەتتىمىكىن،
دەپ قارايمەن، — دەپ چاقچاق قىلدى قارا كۆز بۇغىچاق.
— يوقسۇ، — دېدى مۇلايىم قوزىچاق جىددىي قى-
لىپ، — مەن پەقەت جانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئېكولوگىيە-
لىك تەسىردىن پايدىلاندىم.
— ئېكولوگىيىلىك تەسىر دېگەن نېمە؟ — دەپ سورى-
دى كەپسىز مايمۇنچاق چۈشەنمەي.

— تەبىئەت دۇنياسىدا جانلىقلار بىلەن غەيرىي جانلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇستەقىل بولمايدۇ، ئۇلار ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بىر - بىرىنى چەكلەپ، ئۇلار ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق نىسپىي مۇقىم ھالەتنى ساقلايدۇ. بۇنى پەندە ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق دەپ ئاتايدۇ.

— نېمىدېگەن مۇرەككەپ، — دەۋەتتى كاللىسى ئېلىشىپ كەتكەن ئۇزۇن تۇكلۇك كۇچۇك ئىختىيارسىز.

— قانداقمۇ مۇرەككەپ بولسۇن، — مۇلايىم قوزىچاق ئۇنىڭغا ئەيىبلەش نەزىرىدە قاراپ، — سېنىڭ ئارپا بىلەن پۇرچاقنى ئارىلاشتۇرۇپ تېرىپ ھوسۇل ئالالماسلىقىڭدىكى سەۋەب شۇكى، ئارپا يىلتىزى ئاجرىتىپ چىقارغان سۇيۇقلۇق پۇرچاقنىڭ ئۆسۈشىنى چەكلىگەنلىكىدىن بولغان. قارا بۇغداي بىلەن بۇغداي ئارىلاشتۇرۇپ تېرىلسا، قارا بۇغداينىڭ يىلتىزى ئاجرىتىپ چىقارغان ماددا ياۋا ئوت - چۆپلەرنىڭ ئۆسۈشىنى چەكلەپ بۇغداينىڭ ئۆسۈشىگە ياردەم بېرىدۇ. يېسىۋېلەك بىلەن قوناقنى تېرىغاندا، قوناق يەرگە سايە چۇشۇرۇپ يەرنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى تۆۋەنلىتىپ نىسپىي تېمپېراتۇرىنى ئاشۇرىدۇ، بۇ يېسىۋېلەكنى يۇمشاپ كېتىش كېسىلىدىن ساقلايدۇ. قوناق يېسىۋېلەككە سايە چۇشۇرۇپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ كېچە - كۇندۇزدىكى تېمپېراتۇرىسىنىڭ پەرقىنى ئازايتىدۇ. نەتىجىدە يېسىۋېلەكنىڭ چىرىش كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

— بۇ قائىدىنى چۇشىنىۋالماق بەك تەسمۇ ئەمەسكەن، — تاغىل ئاسلان ھاياجانلاندى، — كۆكتات يېشىل قۇرتى پەمىدۇرنىڭ پۇرىقىدىن قورقىدۇ، شۇڭا باشقا كۆكتات تېرىغاندا پەمىدۇر ئارىلاشتۇرۇپ تېرىلسا، كۆكتات

يېشىل قۇرتنىڭ زىيىنىنى ئازايتقىلى بولىدۇ. كۆك كاۋى-
نىڭ زىيانداش قۇرتى قىچىدىن چىققان پۇراقتىن ئىنتايىن
قورقىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن كۆك كاۋىنى قىچا بىلەن ئارىلاش-
تۇرۇپ تېرىش ئىنتايىن پايدىلىق. زىغىرنى سامساق بىلەن
ئارىلاشتۇرۇپ تېرىسا كۆك پىتتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.
بۇغداي بىلەن كېۋەزنى ئارىلاشتۇرۇپ تېرىسا، بۇغداي ئېتى-
زىدىكى يوپۇرماق پىتى يەيدىغان ھاشاراتلار كېۋەزنىڭ كۆك
پىتىنى يوقىتىپ بېرىدۇ.

— جانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتتىن پاي-
دىلىنىش تۇرمۇشتا ئىنتايىن پايدىلىق ئىكەن، — دېدى قارا
كۆز بۇغىچاق.

— دۇرۇس، — دەپ تەستىقلىدى مۇلايىم قوزىچاق، —
جانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل مۇرەككەپ مۇناسىۋەتكە
دىققەت قىلىش ئارقىلىق تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش، تەبىئەتتىن
پايدىلىنىش پائالىيىتى جەريانىدا، تەبىئەت قانۇنىيىتى بويىچە
ئىش كۆرۈپ، تەۋەككۇلچىلىك قىلىشتىن ساقلانغىلى
بولىدۇ.

— مېنىڭ كاللامدا ئايدىڭ بولمىغان يەنە بىر مەسىلە
بار، — دېدى تاغىل ئاسلان كۆڭلىدىكى گۇمانىنى ئېي-
تىپ، — كۆكتات تېرىغان شۇنچىۋالا جىق يەرنى ئۆزۈڭ
يالغۇز قانداقمۇ ئاغدۇرۇپ، يۇمشىتىپ، ئوغۇتلاپ
بولغانسەن؟

— بۇ سوئالىڭ بەك ئورۇنلۇق بولدى، — دېدى سېرىق
تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسى.

— ھېچقايسىمىزنى ياردەمگىمۇ چاقىرماپسەن، — دېدى
قارا كۆز بۇغىچاق.

— سىلەرنى ئەجەبلەندۇرگۇدەك ئىش يوق، — مۇلايىم قوزىچاق ئۇلارنى تېخىمۇ قىزىقتۇرۇپ كۆزلىرىنى قىسىپ قويدى، — ماڭا بىر دوستۇم ياردەملەشتى.

مۇلايىم قوزىچاقنىڭ دوستلىرى بىر - بىرىگە قاراشتى ھەم ئۆزلىرى ئەمەسلىكىنى بىلدۇرۇپ باشلىرىنى چايقاشتى.

— ساڭا ياردەملەشكەن دوستۇڭ، قارىغاندا، ئارىمىزدا يوق ئوخشايدۇ، — دېدى شوخ ئوغلاقجان.

— شۇنداق، ئۇنى يوشۇرۇپ نېمە قىلىسەن، — دېدى ئۇزۇن تۇكلۇك كۇچۇك.

— مېنىڭ ئۇ يېڭى دوستۇم سازاڭ، — دېدى مۇلايىم قوزىچاق.

— نېمە؟ سازاڭ، — دېدى تاغىل ئاسلان ھەيرانلىق بىلەن.

— سازاڭ دېگەن مىلىقلاپ تۇرىدىغان كىچىككىنە نەر-سىغۇ، — كەپسىز مايمۇنچاق كۆزگە ئىلمىغاندەك ئاغزىنى پۇرۇشتۇردى.

— ئەمما ئۇنى بوش چاغلاشقا بولمايدۇ، — دېدى ئۇلارغا تۇيدۇرماي كىرىۋالغان دوختۇر پىل، — سازاڭ بوغۇملۇق ھايۋان، ئۇنىڭ باش قىسمى ئۇچكىگە ئوخشايدۇ. ئېغىز ئالدى مۇسكۇلى تەرەققىي قىلغان. سوزۇلۇپ - يىغىلىش ئىقتىدارى ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا، ھەرقانچە قاتتىق تۇپراق بولسىمۇ تېشىپ كىرەلەيدۇ.

دوختۇر پىل ئۆزىگە ھۆرمەت بىلدۇرۇپ ئورنىدىن تۇ-رۇۋاتقان كۆپچىلىكنى قوزغالماسلىققا ئىشارەت قىلىپ، سۆ-زىنى داۋام قىلدى:

— سازاڭ تۇپراق ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇ چىرىندى تۇپراق

ۋە ئوت ـ چۆپلەرنى يەيدۇ. سازاڭ ھەزىم قىلىش سۇيۇقلۇقى ئارقىلىق يېگەن نەرسىسىنى ھەزىم قىلغاندىن كېيىن كېرەكسىز لىرىنى تەرەت ئارقىلىق ئۇدۇللۇق سىرتقا چىقىرىۋېتىدۇ. سىرتقا چىقىرىۋېتىلگەن بۇ تەرەتلەرنىڭ تەركىبىدە مول ئازوت، فوسفور، كالىي ماددىلىرى بار. سازاڭنىڭ ھەزىم قىلىش يوللىرىدىن يەنە بىر خىل خىمىيىلىك ماددىلار ئاجرىلىپ چىقىپ، كىسلاتالىقى ۋە شورلۇقى يۇقىرى بولغان تۇپراقنى ئوتتۇراھال مۇنبەت تۇپراققا ئۆزگەرتەلەيدۇ.

— سازاڭنىڭ تېنى كىچىك بولسىمۇ، لېكىن ئىشتىھاسى بەك چوڭ. ئۇنىڭ كۈنلۈك ئوزۇقلۇق مىقدارى ئۆزىنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى بىلەن تەڭ دېگۈدەك كېلىدۇ. بەزىلەر، تۇپراق ئاستىدا ئەللىك مىڭ دانە سازاڭ بولسا، يىلىغا ئون سەككىز توننا تەرەتنى سىرتقا چىقىرىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ چىققان. ئۇنىڭ تەرىتىنىڭ ئوغۇتلۇق ئۈنۈمى ھايۋان تېزىكىگە قارىغاندا يۇقىرى بولىدۇ.

— يارەببىم، ئۇ نېمىدېگەن يامان، — تاغىل ئاسلان پېشانىسىگە ئۇردى.

— سازاڭنىڭ يەنە ئەخلەت، قەغەز، شىلىم ۋە داشقال قاتارلىق سانائەتنىڭ كېرەكسىز نەرسىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، مۇھىت بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قابىلىيىتى بار. مەسىلەن، بىر مىليون دانە سازاڭ يىگىرمە نەچچە كۈن ئىچىدە يەتتە يېرىم توننا ئەخلەتنى بىر تەرەپ قىلغان. يۈز مىليون دانە سازاڭ كۈنىگە قىرىق توننا كېرەكسىز قەغەز، شىلىم، داشقال ۋە كېرەكسىز سۇلارنى بىر تەرەپ قىلغان.

— سازاڭنىڭ دورىلىق قىممىتىمۇ ناھايىتى يۇقىرى، — دېدى دوختۇر پىل يەنە تولۇقلاپ، — ئۇ قىزىتمىنى

قايتۇرۇش، دەم سىقىشنى توختىتىش، پەيلەرنى بوشىتىپ قانىنى جانلاندۇرۇش رولىغا ئىگە.

— قوزىچاق، سىنىڭ كۆكتاتلىقىڭنىڭ كۆلىمىمۇ ئانچە كىچىك ئەمەسكەن، بۇنىڭغا خېلى كۆپ سازاڭ كېتىدۇ. بۇ مەسىلىنى قانداق ھەل قىلدىڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇزۇن تۇكلۇك كۇچۇك.

— مەن سازاڭنىڭ قايتا كۆكلەش ماھارىتىدىن پايدىلاندىم، — دېدى مۇلايىم قوزىچاق، — قىزىقارلىقى شۇكى، ئەگەر سازاڭنىڭ باش قىسمى ئۈزۈۋېتىلسە، ئۇنىڭغا قايتىدىن بىر باش ئۆسۈپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئون بەشىنچى بوغۇمىنىڭ تۆۋىنىدىن ئۈزۈۋېتىلسە، ئۇنىڭ بىشىنىڭ ئۆسۈپ چىقىشى ئاسانغا چۈشمەيدۇ، چۈنكى، ئۇنىڭ ئارقا يىرىم تەرىپىنىڭ كۆكلەش ئىقتىدارى ئاجىزراق، قۇيرۇقى ئۈزۈۋېتىلسە، ئوخشاشلا بىر قۇيرۇق ئۆسۈپ چىقالايدۇ. ئىككى تال سازاڭنىڭ قۇيرۇق قىسمىنى «ئۇلاپ» قويسا، بېشى يوق غەلىتە بىر سازاڭ يېتىلىپ چىقىدۇ، بىراق، ئۇ بىرنەرسە يېيىشكە ئامالسىز قېلىپ ناھايىتى تېزلا ئۆلىدۇ.

— سەن سازاڭ مۇتەخەسسىسى بولۇپ كېتىپسەنغۇ، — سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسى ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇدى.

— سېنىڭ ئاشۇ يېڭى دوستۇڭنى، ياق، ھەممىمىزنىڭ ياخشى دوستىمىزنى بەكمۇ كۆرگۈم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى شوخ ئوغلاقجان.

— ئالدىرىماڭلار، ھازىر تاماق يەيلى، چۈنكى چۈشلۈك تاماق ۋاقتىمۇ بولۇپ قاپتۇ، — دېدى مۇلايىم قوزىچاق، — تاماقتىن كېيىن كۆرسەڭلەرمۇ كېچىكمەيسىلەر.

ئۇلار تاماقتا ئولتۇردى. ھەممەيلەن ئۆزى ياخشى كۆردىغان يېمەكلىكلەرنى تاللاپ ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە كىرىشتى.

## قەھرىمان قارا چۇمۇلە

تۆكلۇك قۇرت دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل پارازىت ھاشارات بار ئىدى. ئۇ ئىنتايىن ھورۇن بولغاچقا، كۈن كەچۈرمىكى ناھايىتى تەس ئىدى.

— تۆكلۈك قۇرت، قەيەرگە ماڭدىڭ؟ — دەپ سورىدى بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن مۇخ ئەپەندى.

— قورساق ئاچلىقىغا چىدىماي يېمەكلىك ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى تۆكلۈك قۇرت ئەسنىگىنىچە. ئۇنىڭ ئۇيقۇسى ھېلىمۇ ئېچىلمىغانىدى.

— ياخشى ھەمراھدىن بىرنى تاپساڭ ئىشىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى مۇمكىن، — دېدى مۇخ ئەپەندى يول كۆرسىتىپ، — ماڭا زەن سېلىپ قاراپ باق، مۇخ دېگەن تۆۋەن دەرىجىلىك ئۆسۈملۈك. ئۇنىڭ تۇرلىرى يىگىرمە ئالتە مىڭ خىلدىن كۆپرەك، بىراق ھەربىر تۇرلۇك مۇخ بولسا زەمبۇرۇغ ۋە لەش دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى تۇرلۇك ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆزئارا بىرلەشكەن گەۋدىسىدىن ئىبارەت. بۇ — ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسىدىكى ئاجايىپ بىر تۇرلۇك قۇرۇلما بولۇپ، لەشنىڭ يېشىل رەڭلىك كىلېتكىلىرى زەمبۇرۇغنىڭ باكتېرىيە تالچىلىرى بىلەن ئۆزئارا بىرلىشىپ بىر - بىرىگە تايىنىپ ياشايدۇ. لەشنىڭ يېشىل كىلېتكىلىرى فوتوسېنتېز رولى ئارقىلىق ئوزۇقلۇق ئىشلەپ چىقىرىپ زەم-

بۇرۇغىنىڭ ئېھتىياجىنى قامدايدۇ. زەمبۇرۇغ — سۇ ۋە مىنېرال تۇزلارنى قوبۇل قىلىپ لەشنى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق ئۇستىلىق بىلەن بىرلىشىشى، ئۆزلىرىنى تېخىمۇ كۆپ ياشاش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغان.

— بۇمۇ بولىدىغان ئامالكەن، — دېدى تۇكلۇك قۇرت بېشىنى گىلدىڭلىتىپ.

ئۇ ئۆزىگە ھەمراھ تېپىش ئۈچۈن ماڭدى.

— بىز بىرگە ياشىساق قانداق؟ — دەپ سورىدى ئۇ توپا كولاپ ئوۋۋا ياساۋاتقان چاشقاندىن.

— ماڭا كاشىلا قىلما، — دېدى چاشقان ئاچچىقلىنىپ.

— بىز بىرگە ياشىساق قانداق؟ — دەپ يېلىندى تۇك-لۇك قۇرت پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن كۆمۈتا، پاشا تۇتۇۋاتقان پاقىدىن.

— يوقال، ھارامخور ئەبلەخ، — دېدى پاقا غەزەپ بىلەن.

ئەگەر تۇكلۇك قۇرت تېز قاچمىغان بولسا، پاقا ئۇنى ئۇزۇن تىلىغا چاپلاشتۇرۇپ يۇتۇۋېتەتتى.

ئۇ شۇ تەرىقىدە بىرنەچچە يەرگە بېرىپ دەككىسىنى يەپ قايتتى. ئۇنىڭ قورساقلىرى كورىكراپ كەتتى. ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدىغانلارنى تاپماق نېمىدېگەن مۇشكۇل - ھە!

ئۇ ئۇشتۇمتۇت «ۋايجان - ۋايىەي!» دەپ ۋايساۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى - دە، ئاۋاز چىققان يەرگە بېرىپ دەرەخ قوۋزىقى يېنىدا ياتقان ئاق چۈمۈلىنى كۆردى.

— ساڭا نېمە بولدى، ئاق چۈمۈلە؟ — دېدى تۇكلۇك قۇرت ئەجەبلىنىپ، — مېنى بەك قورقۇتىۋەتتىڭ.

— ئاچ كۆزلۈك قىلىپ ياغاچنى كۆپ يەپتىكەنمەن،

ئۇنى ھەزىم قىلالمايۋاتىمەن، — دېدى ئاق چۈمۈلە قورسىقىدىنى سىيلاپ، — ئەمدى ئۆلۈپ قالىدىغان ئوخشايمەن.

— جېنىڭدىن ئۈمىد ئۈزمە، مەن ساڭا ياردەم قىلىشنى ئويلاۋاتىمەن، — دېدى تۆكلۈك قۇرت ئويلىنىپ.

— ئۇنداقتا چاققانراق بول، بەك قىينىلىپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى ئاق چۈمۈلە تېخىمۇ زارلىنىپ.

تۆكلۈك قۇرت ئاستا ئۆمىلەپ ئاق چۈمۈلىنىڭ ئاغزىدىن كىردى. ئاندىن مەخسۇس ياغاچ تالالىرىنى ھەزىم قىلىدىغان بىر خىل ھەزىم قىلىش فېرمېنتىنى ئاجرىتىپ چىقىرىپ، ئاق چۈمۈلە يېگەن ياغاچ تالالىرىنى ھەزىم قىلدۇرۇپ، ئۆزىمۇ قورسىقىنى راسا تويدۇرۇۋالدى.

— ئۇھ، رەھمەت ساڭا، ھازىر ئارام تېپىپ قالدىم، روھىي كەيپىياتىم ئىنتايىن ياخشى، — دېدى ئاق چۈمۈلە مىننەتدار بولۇپ، — ئەگەر رەنجىمىسەڭ، ئىلتىماسىم شۇكى، بىز بىر - بىرىمىزگە يۆلىنىپ ھايات كەچۈرسەك، سەن ماڭا ھەزىم قىلىشىپ بەرسەڭ، مەن سېنى ئالىي سۈپەتلىك ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلىسەم قانداق؟

— بۇ قوبۇل قىلىشقا ئەرزىيدىغان تەكلىپ بولدى، — دېدى تۆكلۈك قۇرت خۇشال بولۇپ، — مەنمۇ ئەلۋەتتە رەت قىلىشنى ئويلىمىسام، دەپ قارايمەن.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىرگە ياشاشقا باشلىدى. ئاق چۈمۈلە ئۆيلەرگە، كۆۋرۈكلەرگە، ياغاچ ماتېرىياللارغا، تۆمۈريولنىڭ ياستۇق ياغاچلىرىغا، ئورمانلارغا ۋە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىگە زىيان يەتكۈزگۈچى چوڭ ئاپەتكە ئايلاندى. بىر قىسىم جايدىكى دېھقانلار ئۇنى «چىشى يوق يولۋاس» دەپ ئاتايدىغان بولدى. چۈنكى، ئۇ ناھايىتى كىچىك بولسىمۇ

قۇرۇلۇشلارغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىكى كۈچ - قۇۋۋىتى يولۋاستىنمۇ ئېشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بۇنداق ۋەھشىيلەشىپ كېتىشىگە ئىچكى ئەزاسىدا ياشايدىغان تۇكلۇك قۇرتتەك بىر ياخشى قولچۇمىقى بولغانلىقىدىن ئىدى.

بۇلارنىڭ ئەسكىلىكىگە چىداپ تۇرالمىغان ھايۋانلار ئۇنى يوقىتىش مەسلىھىتىنى قىلىشتى.

— ئۇلار بىرلىشىۋالمىغان بولسا ئەنسىرەشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. بىرلىشىپ بىزگە ھەقىقەتەن كۆپ ئاۋارىچىلىك سالدى، — دېدى تاغىل ئاسلان.

— ئەمما ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى، تەبىئەت دۇنياسىدا ئىككى خىل ئوخشاشمىغان ھايۋانات ياكى ئۆسۈملۈكنىڭ ئاق چۇمۇلە بىلەن تۇكلۇك قۇرتقا ئوخشاش ئۆزئارا ياردەملىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى قالتىس ئىش دېيىشكە بولىدىكەن، — دېدى شوخ ئوغلاقجان.

— مەن قارا چۇمۇلىنىڭ ئاق چۇمۇلە بىلەن ھەرگىز چىقىشالمايدىغانلىقىنى گېزىتتىن كۆرگەنىدىم، — دېدى مۇلايىم قوزىچاق، — بىز قارا چۇمۇلىگە خەت يېزىپ، بۇ يەرگە كېلىپ ئاق چۇمۇلە دېگەن كاساپەتنى يوقىتىپ بېرىشنى ئۆتۈنەيلى.

ئۇلارنىڭ تەلىپىنى ئاڭلاپ قارا چۇمۇلىمۇ ھايال قالماي يېتىپ كەلدى.

كۆپچىلىك ئۇنى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالدى ھەم ئاق چۇمۇلىنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى. كۆپچىلىكنىڭ ئاق چۇمۇلە ئۈستىدىن قىلغان شىكايەتلىرى قارا چۇمۇلىنىڭ ئاق چۇمۇلىگە بولغان غەزىپىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

— سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار، مەن بۇ ئەبلەخنى چوقۇم يوقىتىمەن، — دېدى قارا چۈمۈلە، — چۈنكى ئۇنىڭ جىنايىتى چېكىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ.

قارا چۈمۈلە «ئارام ئېلىۋېلىڭ» دېگەنگە ئۇنىماي ئاق چۈمۈلىنى ئىزدەپ ماڭدى.

دەرۋەقە، قارا چۈمۈلە بىلەن ئاق چۈمۈلە بىر - بىرىگە قارشى رەقىبلەردىن بولغاچقا، ئۇلار ئۇچراشقان زامات جەڭگە چۈشۈپ كەتتى. نەتىجىدە ئاق چۈمۈلە مەغلۇپ بولدى. ئۇ قارا چۈمۈلىنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشىدىن قورقۇپ ئەسلىدىكى ئۆيىنىمۇ تاشلاپ يىراقلارغا قېچىپ كەتتى.

تاغىل ئاسلاننىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن جەڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەپ يىغىن ئېچىلدى. كۆپچىلىك قىزغىن تەنتەنە قىلىشىپ بۇ تۆھپىكار قەھرىمانغا شەرەپ ئوردېنى تەقدىم قىلدى. تالانتلىق ناخشىچى بولبۇلجان ئۇنى كۈيلەپ ناخشا ئېيتتى. كېپىنەك قىزلار ئەڭ چىرايلىق گۈللەردىن تىزىلغان چەمبىرەكنى بويىنىغا ئېسىپ قويدى.

قارا چۈمۈلە قاچقۇن جىنايەتچىنىڭ قايتىپ كېلىپ يەنە پاراكەندىچىلىكىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋەزىپىسىنى قوبۇل قىلىپ شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالدى.

## ياردەمگە موھتاج بولغان قىسقۇچپاقا

«تاك، تاك، تاك...»

تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقان تاغىل ئاسلان ئىشىك چېكىلىشى بىلەن ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كېچىلىك

خالىتىنىڭ ئۇستىگىلا كاستۇمىنى يېپىنچىلاپ بېرىپ ئىد-
شىكنى ئاچتى. ئىشىك ئالدىدا قىسقۇچپاقا تۇراتتى.
— ساڭا نېمە بولدى، نېمىشقا يېرىم كېچىدە ئىشىكنى
ئۇرۇپ ئۇيقۇمنى بۇزىسەن؟ — دېدى تاغىل ئاسلان ئاچچىق
بىلەن.
— كەچۈرگىن، مەن ياردەمگە موھتاج بولۇپ قالدىم،
شۇڭا، — دېدى قىسقۇچپاقا خىجىل بولۇپ، تاغىل ئاسلان
ئۇنىڭ ئەنسىز تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى ئۆيگە باشلاپ،
قەھۋە دەملەپ بەردى.
— رەھمەت، — دېدى قىسقۇچپاقا بىر دېمىدە بىر ئىس-
تاكان قەھۋەنى ئىچىپ بولۇپ، ئۇنىڭ بىئارام بولۇپ تۇرغان
كۆڭلى سەل ئوڭشالغاندى.
— ئۇ قانداق ئىش؟ — دەپ سورىدى تاغىل ئاسلان.
— يېقىندىن بېرى سەككىز ئاياغ ماڭا ئارام بەرمەيدىغان
بولۇپ قالدى، — دېدى ئۇ قايغۇرۇپ، — ئاڭلىسام ئۇ باشقى-
لارغا: «قىسقۇچپاقىنىڭ گۆشى ماڭا بەكمۇ مەززىلىك تۇيۇ-
لىدۇ، شۇڭا مەن قىسقۇچپاقا گۆشى يېيىشكە ئامراق، قاراپ
تۇرۇڭلار، هامان بىر كۇنى بۇ نەس باسقان قىسقۇچپاقىنى
بىر ۋاخلىق غىزايىمغا ئايلاندۇرۇپ قويىمەن» دەپ يۇرۇپتۇ.
يەنە تېخى بۇنىڭلىق بىلەن قالماي ئۇچرىغانلا يەردە ماڭا
هۇجۇم قىلىدۇ. سەللا بىخەستەلىك قىلسام جېنىمدىن ئايرى-
لىپ قالىدىغان ئوخشايمەن.
— هۇ، مۇتتەهەم، — دەپ ۋارقىرىدى تاغىل ئاسلان
مۇشتۇمى بىلەن ئۇستەلگە بىرنى ئۇرۇپ، قەھۋە چەينىكى
بىلەن ئىستاكانلار جاراڭلاپ سەكرەپ كەتتى، — ياۋاشلارنى
مۇشۇنداقمۇ بوزەك ئەتكەن بارمۇ، خەپ! ئەدىپىڭنى بىر

بىرىپ قويمىسام!

— ئۇنىڭمۇ ھېيلىسى تولا بىرنېمە، ئالدىراپ چېقىلساڭ، ئۆزۈڭگە زىيان يېتىپ قېلىشى مۇمكىن، — دېدى قىسقۇچپاقا.

— ئۇنىڭ زوراۋانلىقىغا قانداقمۇ تاقەت قىلىپ تۇرغىلى بولسۇن.

— مېنى دەپ باشقىلار بىلەن ئاداۋەتلىشىپ قېلىشىڭنى خالىمايمەن.

— بۇنداق مۇشتۇمزورلار بىلەن ئۆلگىچە ئېلىشىشقا رازىمەن، — دېدى تاغىل ئاسلان. ئۇنىڭ كۆزلىرى غەزەپتىن دۈپدۈگىلەك بولۇپ كەتكەنىدى.

— سەۋرچان بولغىنىمىز تۈزۈكمىكىن، — دېدى قىسقۇچپاقا ئىككىلەنگەن ھالدا.

— ئۇنداقتا مېنى نېمە قىلىپ بېرىشكە ئىزدىدىڭ؟ — دېدى تاغىل ئاسلان ئۇنىڭغا دوق قىلىپ.

— ئۇ ھەر ۋاقىت تەھدىت سېلىپ تۇرغاچقا، خاتىرجەم ئارام ئېلىپ باقمىغىنىمغا خېلى بولدى…، — قىسقۇچپاقا گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى.

— كۆڭلۈڭنى چۈشەندىم. ئۆيۈڭدە بىر كېچە ئۇخلىۋالغىلى كەلدىم، دېمەكچىمۇسەن، — دېدى تاغىل ئاسلان ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ.

قىسقۇچپاقىنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى.

ئۇ شۇ كېچىسى تاغىل ئاسلاننىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدى.

ئۇ شۇنداق تاتلىق ئۇخلاپ كەتتىكى، ئەتىسى چۈش بولاي دېگەن مەھەلدە ئويغىنىپ، ئاندىن ناشتا قىلدى ۋە ئاللىقاچان تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ بولغان تاغىل ئاسلان بىلەن بىرگە

ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. تاغىل ئاسلان ئەپلىك بىر يەرگە يوشۇرۇندى. قىسقۇچپاقا چاندۇرماي ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى تىرىكچىلىكىنى داۋاملاشتۇردى.

بىر چاغدا سەككىز ئاياغ يىلاندەك ئۇزۇن پۇتلىرىنى ئالدىرىماي ھەرىكەتلەندۈرۈپ، شەپە چىقارماستىن قىسقۇچپاقىغا يېقىنلاشتى ـ دە، ئۇنىڭغا ئېتىلدى. ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان تاغىل ئاسلان سەكرەپ چىقىپ، قولىدىكى ئۆتكۈر خەنجەرنى سەككىز ئاياغنىڭ يۈرىكىگە ئۇردى. بىر ئازدىن كېيىن جان تالاشقىنىچە تاغىل ئاسلاننى قاتمۇقات چىرمىۋالغان سەككىز ئاياغنىڭ پۇتلىرى بارا ـ بارا ھالسىزلاندى.

— زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىمىغانسەن، — دېدى قىسقۇچپاقا ئەنسىرەپ.

— ياق، بىر پۇتى گېلىمنى سىقىۋېلىپ ئازراق بىئارام قىلىۋەتتى، — دېدى تاغىل ئاسلان بوينىنى سىلاپ.

— دوختۇر چاقىرىپ كېلەيمۇ؟

— ھاجىتى يوق، — دېدى تاغىل ئاسلان قوللىرىنى ئارقىسىغا قايرىپ كۆكرەك كېرىش ھەرىكىتىنى ئىشلەپ، — مانا ساپساق تۇرمامدىمەن.

— كەچلىك تاماقنى بىزنىڭكىدە يېگىن، سەن ياخشى كۆرىدىغان تۇخۇم پوشكىلى بىلەن بېلىق قورۇمىسى پىشۇرۇپ بېرەي، — دېدى قىسقۇچپاقا.

— بولدى، رەھمەت، مەن ئۆيگە قايتاي، كەچتە قىلىدىغان يەنە باشقا ئىشلىرىم بار.

قىسقۇچپاقا بىلەن خوشلىشىپ چىققان تاغىل ئاسلان ھويلىدىن ئۆتۈپ بىر دوقمۇشتىن قايرىلىشىغا ئۇشتۇمتۇت

بىرنەرسە ئۇنىڭ گېلىنى كۈچلۈك سىقىۋالدى ـ دە، هوشىدىن كەتتى.

ئۇ ئېسىگە كەلگەن چاغدا ئۆزىنى قىسقۇچپاقىنىڭ ئۆيىدىكى كارىۋاتتا كۆردى.

— سېنى ئۇزىتىپ قويۇپ قارىسام، سەككىز ئاياغ بايام ياتقان يېرىدە يوق تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۈرىكىم بىر نەرسىنى تۇيغاندەك بولۇپ، ئارقاڭدىن چىقسام، ئۇ سېنىڭ گېلىڭنى سىقىۋاپتۇ. سېنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن هېچنېمىگە قارىماي يۈگۈرۈپ بېرىپ، كۈچلۈك پەنجىلىرىم بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋالدىم. ئۇ يىقىلغاندىن كېيىن پۇتلىرى ئارىسىدىن سېنى ئاجرىتىۋالدىم، — دېدى قىسقۇچپاقا.

— مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالغىنىڭغا رەھمەت، — دېدى تاغىل ئاسلان ئۇنىڭ ئۈچى ئۆتكۈر ۋە كۈچلۈك پەنجىلىرىنى تۇتۇپ.

— نەدىكىنى، ساڭا مىڭ قېتىم رەھمەت ئېيتسامۇ ئازلىق قىلىدۇ. سەن ماڭا يۈرەكلىك بولۇشنى ئۆگەتتىڭ، — قىسقۇچپاقا شۇنداق دەپ تاغىل ئاسلاننى قۇچاقلىدى.

تاغىل ئاسلان بىردەم ئارام ئالغاندىن كېيىن ياخشى بولۇپ قالدى ۋە قىسقۇچپاقا تەييارلىغان مەززىلىك كەچكى تاماققا داخىل بولدى.

— سېنى ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ قوياي، — دېدى قىسقۇچپاقا.

— هېلىمۇ سېنى كۆپ ئاۋارە قىلدىم، — دېدى تاغىل ئاسلان، — ئۆزۈم كېتىۋېرەي.

— ھېچبولمىغاندا دوقمۇشقىچە بىرگە باراي.

ئىككى دوست چوڭ يولغا چىقىپ تار كوچا ئىچىگىچە كەلدى.

— ۋوي، بۇ نېمە ئىش؟ — دېدى قىسقۇچپاقا ئەجەبلىنىپ، — سەككىزئاياغ مۇشۇ يەردە قالغان، ئۇ كۆرۈنمەيدىغۇ.

— يېڭىلىشىپ قالمىغانسەن، — دېدى تاغىل ئاسلانمۇ ھەيران بولۇپ.

— ھەرگىز يېڭىلىشمىدىم، ماۋۇ يەرگە قارا، — دېدى قىسقۇچپاقا قوللىرى بىلەن كۆرسىتىپ، — بۇ ئۇنىڭ ئاياغ ئىزى. ئۇ ئۆيى تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. قارىغاندا تېخى ئۆلمىگەن ئوخشايدۇ.

— سىلەر يولدا نېمىنى ئىزدەۋاتىسىلەر؟ — دېدى بىرى.

ئىككىيلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، ئۇ كەپسىز مايمۇنچاق ئىكەن.

— دوختۇر پىلنىڭ شەھەرلىك دوستلىرى كەپتىكەن، بىزنىمۇ مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىپتۇ. سىنى تاپالماي يۈرسەم، ھەسەل ھەرىسى سېنىڭ قىسقۇچپاقا بىلەن بىرگە يۈرگەنلىكىڭنى ئېيتتى. شۇڭا دەرھال قىسقۇچپاقىنىڭ ئۆيىگە مېڭىشىمتى، — دېدى ئۇ.

— بىز دوختۇر پىلنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلەيلى، — دېدى تاغىل ئاسلان.

قىسقۇچپاقا ماقۇل بولدى. ئۇلار يولدا كېتىۋېتىپ، سەككىزئاياغنىڭ ئىشىنى سۆزلەپ بەردى.

— سەككىزئاياغ ئاۋۋال يۈرىكىگە بىر پىچاق يېگەن،

كېيىن قىسقۇچپاقا ئەپچىللىك بىلەن يۇرىكىنى سوغۇر ۋۇۋال-
غان تۇرۇپ، يەنە ئۆلمىگەن بولسا، بۇ بەك غەلىتە ئەھۋال-
كەن، — دېدى كەپسىز مايمۇنچاقمۇ ھەيران بولۇپ.
دوختۇر پىلنىڭ چوڭ چىراغلار ئاپئاق يورۇتۇۋەتكەن
ئازادە مېھمانخانىسى مېھمانلار بىلەن لىققىدە توشقانىدى.
ئۇلار كىرگەندە مېھمانلار ئىككى تەرەپكە سۈرۈلۈپ تەستە
ئۈچ كىشىلىك ئورۇن تەييارلاندى.
— سەككىزئاياغنىڭ ئۆلمىگىنى خىيالىمدىن چىقمايۋا-
تىدۇ، — دېدى تاماق گېلىدىن ئۆتمەيۋاتقان قىسقۇچپاقا
پىچىرلاپ.
— مېنىڭمۇ شۇ، — دېدى تاغىل ئاسلان.
— گەپ قىلىشماڭلار، باشقىلار سىلەرگە قاراۋاتى-
دۇ، — دېدى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان كەپسىز ماي-
مۇنچاق ئۇلارنى نوقۇپ.
— سىلەر ئۈچۈڭلار نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر؟ — دەپ
سورىدى يېڭىدىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ روھىي ھالىتىنى
كۆزىتىپ ئولتۇرغان دوختۇر پىل.
كەپسىز مايمۇنچاق ئۆزى ئاڭلىغان ئەھۋاللارنى سۆزلەپ
بەردى. ھەممەيلەن ھەيران بولۇپ غۇلغۇلا قىلىشىپ كەتتى.
— سەككىزئاياغنىڭ ئۈچ يۇرىكى بار. باشقىلار بىلەن
ئۇرۇشقاندا، قارشى تەرەپ ئۇنىڭ ئىككى يۇرىكىنى زەخىم-
لەندۈرسىمۇ يەنە ياشاۋېرىدۇ، — دېدى دوختۇر پىل، —
خاتىرجەم بولۇڭلار. ئۇ ئەمدى سىلەرگە چېقىلىشقا جۈرئەت
قىلالمايدۇ.
سىر يېشىلگەندىن كېيىن قىسقۇچپاقىنىڭ ئىشتىھاسى
قايتىدىن ئېچىلىپ، باشقىلار بىلەن پاراڭ قىلىشقىنىچە تا-
ماققا كىرىشىپ كەتتى.

# مايمۇنچاقنىڭ «پېشكەللىك» كە يولۇقۇشى

مايمۇنچاق بۈگۈن ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىكەنلىكىنى توساتتىن ئېسىگە ئالدى. يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان تۇغۇلغان كۈننى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزمىسە قانداق بولىدۇ؟ بۇنىڭغا ئەلۋەتتە دوستلىرىنى چاقىرىش كېرەك. دوستلىرىنى ئوبدانراق كۈتۈۋالمىسا بولمايدۇ.

ئۇ يانچۇقىنى ئاختۇرۇۋىدى، ئاران بىر تەڭگىلا چىقتى. بىر تەڭگىگە تۇزۇك بىرنەرسىلەر كەلمەيدىغان تۇرسا، ئۇنىڭ بېشى بەك قاتتى. راست، باشقىلاردىن يەنە بىرنەچچە تەڭگە ئۆتنە ئېلىپ ئىشلىتەيچۇ.

كەپسىز مايمۇنچاقنىڭ كۆڭلى «ۋاللىدە» يورۇپ كەتتى. ئۇ بىر تەڭگىنى قولىغا ئالغىنىچە تاغىل ئاسلانىڭكىگە قاراپ ماڭدى. تۇغۇلغان كۈنىدە دوستلىرى بىلەن خۇشال ــ خۇرام ئۆتكۈزۈش نېمىدېگەن ياخشى ــ ھە! ئۇ شۇنداق خىيال بىلەن سەكرەپ ــ تاقلاپ كېتىۋېتىپ ئۇشتۇمتۇت بىر تاشقا پۇتلاشتى ــ دە، يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ توپا بولۇپ كەتكەن كىيىملىرىنى قېقىشتۇردى. «ئاپلا، قولىدىكى تەڭگە نەگە چۈشۈپ كەتكەندۇ؟» كەپسىز مايمۇنچاق يىقىلغان يەرنى ئىزدىدى، بىراق تەڭگە كۆرۈنمەيتتى. ماۋۇ پېشكەللىكنى قارىمامدىغان، مايمۇنچاقنىڭ كەيپى ئۇچتى. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟

— مايمۇنچاق، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟

كەپسىز مايمۇنچاق چىغىر يولنىڭ قىرغىقىدىكى كۆل-چەكتىن چىقىۋاتقان پاقىنى كۆردى.
— مۇشۇ يەردە بىر تال تەڭگىنى چۆشۈرۈپ قويغانتىم. شۇنى ئىزدەپ تاپالماي تىت ـ تىت بولۇپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى ئۇ مەيۈسلۈك بىلەن.
— باشقىلارنى ياردەمگە چاقىرساڭ قانداق؟ — دېدى پاقا يول كۆرسىتىپ.
— بۇ دېگىنىڭمۇ توغرا، مېنىڭچە، سەنلا ياردەم بېرە-لەيسەن، سېنىڭ كۆزلىرىڭ ئۆتكۈر بولغاچقا، يېنىڭدىن ئۆچۈپ ئۆتكەن ھەرقانداق ھاشاراتنى بوش قويۇۋەتمەيسەن.
— كەچۈرگىن، — دېدى پاقا بېشىنى چايقاپ، — ھاشارات تۇتۇش تىلىمنىڭ تۆھپىسى، ئۇنىڭ كۆزۈم بىلەن مۇناسىۋىتى يوق.
— ھاشارات تۇتۇش قابىلىيىتىڭنى كۆزۈڭ بىلەن مۇنا-سىۋەتسىز دەۋاتامسەن، بۇ تازا بىر غەلىتە گەپ بولدى ـ دە، — كەپسىز مايمۇنچاق ئىشەنمىدى.
— مېنىڭ تىلىمنىڭ تۇزۇلۇشى غەلىتە بولۇپ، تۆۋى تۆۋەنكى ئېڭەكنىڭ ئالدىنقى تەرىپىگە جايلاشقان، ئۇچى ئا-چىماق، ئۇششاق ھاشاراتلارنى كۆرگەندە، دەرھال تىلىمنى چىقىرىپ، ئاچىماق ئۇچىغا چاپلاشتۇرۇۋالىمەن. ئۇششاق ھاشاراتلار تىلىمنىڭ شىلىمشىق ئۇچىغا تېگىپلا قالسا قې-چىپ قۇتۇلالمايدۇ.
— ۋاھ، مۇنداق دېگىن، تىلىڭنىڭ تۇزۇلۇشىنى ھەر-گىز غەلىتە دېگىلى بولمايدىكەن. ئۇمۇ سېنىڭ ياشاش شارا-ئىتىڭغا ماسلاشقان، — كەپسىز مايمۇنچاق بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى، — پىنگىۋىننىڭ تىلى ئۇستىدە نېمىشقا

«مىخ» قا ئوخشاش گۆش تىكەنلەر ئۆسكەندۇ دېسەم، بۇنىڭ-دىمۇ سەۋەب بار ئىكەن. ئۇلار جەنۇبىي قۇتۇپتا ياشىغاچقا، دېڭىزدىكى بېلىق، راك ۋە يۇمشاق تەنلىك هايۋانلارنى ئو-زۇق قىلىدۇ. ئۇششاق بېلىقلارنىڭ تېرىسى قاسىراقلىق ۋە شىلىمشىق بولغانلىقتىن ئىنتايىن سىلىق بولۇپ، ئاسانلىق-چە تۇتقىلى بولمايدۇ. بىراق پىنگۋىننىڭ تىلىدا گۆشلۈك تىكەنلىرى بولغاچقا، ئۇلار بېلىقنىڭ بەدىنىگە سانجىلىپ، بېلىقنى چىڭ تۇتۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا بېلىقلار ئۇلارنىڭ ئاغزى-دىن چۇشۇپ كېتەلمەيدۇ.

— ئېيتقانلىرىڭ توغرا، تىلمۇ ھەرخىل ھايۋانلارنىڭ ياشاش ئالاھىدىلىكى ۋە ئوزۇقلىنىش ئېھتىياجىغا ماسلاشقان ھالدا تەرەققىي قىلىپ خىلمۇخىل شەكىلگە كىرگەن، — پاقا شۇنداق دەپلا جىمىپ كەتتى.

— ۋۇي، ساڭا نېمە بولدى؟ — كەپسىز مايمۇنچاق ئۇلۇغ - كىچىك تىنغان پاقىدىن سورىدى.

— مەن پەقەت ھەرىكەتلىنىپ تۇرغان جىسىملارنى سې-زىش ئىقتىدارىمغا تايىنىپ پەرق ئېتىش جەريانىنى تاماملاي-مەن. مېنىڭ كۆزۈمدە بىر يۇرۇش يۇكسەك دەرىجىدە تەرەق-قىي قىلغان ھۈجەيرە بولۇپ، «ھاشاراتلارنى تەكشۈرۈش ئەسۋابى» دېگەن نامى بار. بىراق ئۇ ھۈجەيرىلەر ھەرىكەت قىلىۋاتقان جىسىملارغا نىسبەتەن سېزىش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا بەزىدە ئۆلۈك ھاشاراتلار بىلەن تولغان ئېتىزلاردا تۇر-سامۇ بۇ ھاشاراتلارنى بايقىيالماي ئاچ قالىمەن.

— مەن بۇنى بىلمەيدىكەنمەن، — دېدى كەپسىز مايمۇن-چاق ھەم كۆڭلىدە پاقىغا ھېسداشلىق پەيدا بولدى. ئارقى-دىنلا ئۆزىنىڭ تاپالمايۋاتقان تەڭگىسىنى ئېسىگە كېلىپ،

بىئارام بولۇپ كەتتى.

— بىز نېمىشقا ھەسەل ھەرىسىدىن ياردەم سورىماي-مىز، — دېدى پاقا، — ئۇنى ئىنسانلارمۇ كۆرەلمەيدىغان ئۆلترا بىنەپشە نۇرنىمۇ كۆرەلەيدۇ دەپ ئاڭلىغانمەن.

— بۇمۇ بولىدىغان چارىكەن، — دېدى كەپسىز مايمۇن-چاق خۇشال بولۇپ.

ئۇلار ھەسەل ھەرىسىنى ئاسانلا تاپتى. ھەسەل ھەرىسى ئۇلارنىڭ تەلىپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ياردەم بېرەلمەيدىغانلىقىدىن قاتتىق ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى بىل-دۈردى.

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى پاقا ئىنتايىن ھەيران بولۇپ.

— سىز ھەتتا ئىنسانلار كۆرەلمەيدىغان ئۆلترا بىنەپشە نۇرنىمۇ كۆرەلەيدىكەنسىزغۇ، — كەپسىز مايمۇنچاق ئالدىراپ سۆز قاتتى.

— سىزنىڭ ئىككى دانە مۇرەككەپ كۆزىڭىز ۋە ئۈچ دانە ئاددىي كۆزىڭىز بار. ئىنسانلار سىزنىڭ كۆزىڭىزگە تەقلىد قىلىپ ئايروپىلاندا ئىشلىتىدىغان سۈرئەت ئۆلچەش ئەسۋابىنى ياساپ چىقىپتىكەن، — دېدى پاقا تاقەتسىزلەنگەن ھالدا.

— مېنى ئاۋارىچىلىكتىن قېچىپ ياردەم بېرىشكە ماقۇل بولمايۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىڭلار ھەرقاچان. بۇ سىلەر-نىڭ مېنىڭ كۆزۈم ھەققىدىكى تونۇشۇڭلارنىڭ چوڭقۇر بول-مىغانلىقىدىن بولغان، — ھەسەل ھەرىسى ئەستايىدىل چۈ-شەندۈرۈشكە باشلىدى، — مېنىڭ «مۇرەككەپ كۆزۈم» ئون بەش مىڭ كىچىك كۆزدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇ كۆر-

گەن نەرسىنى ئايرىم ـ ئايرىم كىچىك چېكىتتىن تەركىب تاپقان نەقىشكە ئاجرىتىدۇ. مۇشۇنداق كۆرۈش سېزىمىم بولغانلىقتىن، قۇياش ماڭا يەككە چېكىت بولۇپ كۆرۈنىدۇ، يەنى بىر خىل ئۆزگەرمەس توغرىلاش نۇقتىسى بولۇپ كۆرۈ-نىدۇ. مېنىڭ كۆزۈم ئۇچۇپ ئۆتكەن يولنىڭ قۇياش بىلەن ھاسىل قىلغان بۇلۇڭىنى ئۆزلۈكسىز ئۆلچىيەلەيدۇ. شۇڭا مېنىڭ كۆزۈمنى ناھايىتى ياخشى يول باشلاش ئەسۋابى دې-سەكمۇ بولىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، كۆزۈم ئۇچۇش سۈرئى-تىنىمۇ ئۆلچەپ چىقالايدۇ. ئىنسانلار كۆزۈمنىڭ مۇشۇ ئالا-ھىدىلىكىگە ئاساسەن ئايروپىلاندا ئىشلىتىدىغان سۈرئەت ئۆلچەش ئەسۋابىنى لايىھىلىگەن.

— سەندىن خاپا بولۇشۇمنىڭ ئورنى يوق ئىكەن، — پاقا تۇز كۆڭۈللۈك بىلەن كۆڭلىدىكىنى ئېيتتى.

ئۇچەيلەن چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆمدى.

— ھايۋانلارنىڭ ئىچىدىكى «ئۆتكۈر كۆز» بۈركۈت ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتە پەرۋاز قىلغاندى-مۇ يەر ئۈستىدىكى كىچىك ھايۋانلارنىڭ قىلىۋاتقان ھەرىكى-تىنى ئېنىق كۆرەلەيدۇ، — دېدى بىر ھازادىن كېيىن ھە-سەل ھەرىسى، — ئۇ چۇقۇم بىزدىن ياردىمىنى ئايىمايدۇ.

كەپسىز مايمۇنچاق بىلەن پاقىنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

— بىراق، ئۇنى نەدىن تاپقۇلۇق، — كەپسىز مايمۇنچاق ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان كۇنگە قاراپ قويدى. ئورمانلىقمۇ بارغانسېرى قاراڭغۇلىشىۋاتاتتى.

— بۇنىڭدىن غەم قىلماڭلار، مەن ئۇنىڭ تاغ چوققىسى-دىكى ئۆيىنى كۆرگەن، ئۇ بۇ چاغدا ئۆيىدە باللىرى بىلەن

جەم بولۇپ ئولتۇرىدۇ.

كەپسىز مايمۇنچاق ئۆزىنىڭ پالاكەتلىك قىلىپ تەڭگىنى يوقىتىپ قويغىنىغا، ئاق كۆڭۈل پاقىنى، ئىشچان ھەسەل ھەرىسىنى بىرمۇنچە ئاۋارە قىلغىنىغا ئۆكۈندى: «تۇغۇلغان كۈنۈم تازا بىر نەس باسقان كۈنگە توغرا كېلىپ قالغىنىغا قارىمامدىغان، دوستلىرىمنى كۈتۈۋېلىشقا ئىشلىتىدىغان پۇ-لۇممۇ يوق جۇمۇ» دېگەن خىياللار كاللىسىغا كېلىۋېلىپ ئىنتايىن ئازابلىنىپ كەتتى.

شۇ ئارىدا بۆركۈت يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ نەچچە ئون قەۋەت بىنانىڭ ئېگىزلىكىدە تۇرۇۋاتقان چاغدىلا ھېلىقى تەڭ-گىنى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ھېچكىم ئويلىمىغانىدى. ئەسلىدە بۆركۈتنىڭ كۆرۈش پەردىسىنىڭ ھەربىر كۋادرات مىللىمې-تىرىدا بىر مىليون دانە كۆرۈش ھۈجەيرىسى بولۇپ، ئۇنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئىنسانلارنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىدىن سەككىز ھەسسە ئۆتكۈر ئىكەن. ئۇ مۇشۇ ئىقتىدارىغا تايىنىپ كەڭ داللاردا ئوزۇق ئوۋلايدىكەن.

كەپسىز مايمۇنچاق «ئۆتكۈر كۆز» بۆركۈت ئەپەندىگە كۆپ رەھمەت ئېيتتى. ئاق كۆڭۈل پاقا ۋە ئىشچان ھەسەل ھەرىسىدىنمۇ چەكسىز مىننەتدار بولدى. بىراق، بىر قاداق ھەسەل چىقىرىش ئۈچۈن ئىككى يۈز مىليون تال گۈلدىن گۈل شىرنىسى يىغىدىغان ئىشچان ھەسەل ھەرىسى بولسا، بۆركۈتكە ئەھۋالنى ئېيتىپ قويۇپلا ئۆيىگە ئالدىراش كېتىپ قالغاچقا مىننەتدارلىقىنى ئىزھار قىلالمىدى. بۆركۈتمۇ ئۇ-نىڭ ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ چىڭ تۇتقىنىغا ئۇنىماي خوش دەپ ماڭدى.

— قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئې-

رىشىمۇ ئىنتايىن بەختلىك ئىشكەن، — دېدى كەپسىز ماي-
مۇنچاق خۇددى ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىغاندەك.
— ئەلۋەتتە شۇنداق، — دەپ تەستىقلىدى پاقىمۇ.

# تاغىل ئاسلان ساقچى بولدى

## ئېلان

رايونىمىز ئاھالىسىنىڭ ئامانلىقىنى تېخىمۇ كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئىدارىمىز بىر نەپەر ئادەمنى ساقچىلىققا قوبۇل قىلماقچى. بۇ كەسىپنى ياخشى كۆرىدىغانلار بولسا ئىمتىھان بېرىشنى ئۈمىد قىلىمىز ۋە تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ كېتىشىنى تىلەيمىز.
تىزىملاش ئورنى: x ئورمان رايونى ساقچى ئىدارىسى
ئىمتىھان ۋاقتى: x ئاينىڭ x كۈنىدىن x كۈنىگىچە.

«ساقچىلىققا قوبۇل قىلىش ئىمتىھانى. ۋاھ، قالتىس گەپكەنغۇ بۇ.» تاغىل ئاسلان ئېلاننى ياندۇرمىلاپ يەنە بىر قېتىم ئالدىرىماي ۋە تەپسىلىي ئوقۇدى. بۇنىڭغا خېلى ئۇ-زۇن ۋاقىت كەتتى، چۈنكى، ئۇ يېڭىلا ساۋاتىنى چىقارغان بولغاچقا، ھەرپلەرنى ئاستا ھەجىلىگىنىچە بىر - بىرىگە قوشۇپ ئوقۇيتتى، ئوقۇغاننىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشى ئاسانغا توختىمايتتى. ئۇ مەكتەپتە ئوقۇش، يېزىشنى كۆڭۈل قويۇپ تولۇق ئۆگىنىۋالمىغىنىغا ئۆكۈنۈپ كەتتى. مەكتەپتە ئۆگەن-گەن بىلىمنىڭ كېيىنچە ھەقىقەتەن ئەسقاتىدىغانلىقىنى ئوي-لىمىغانىدى. كۆك كەپتەر خانىم مۇشۇنداق گەپلەرنى دەپ تەربىيە بەرگەن. كەپسىز مايمۇنچاق ۋە شوخ ئوغلاقجانلار

كۆك كەپتەر خانىمنى تولا خاپا قىلغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئالماشقان ئاق توشقان ئەپەندىمۇ شۇنداق دېگەنىدى. بۇ بىچارە بايقۇش ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي، كۆزەينىكىنى بۇرنىغا چۇشۇرۇپ قويۇپ ئەستايىدىل دەرس ئۆتەتتى، ئوقۇغۇچىلار-غا ئىنتايىن كۆيۈنەتتى. تاغىل ئاسلاننىڭ قۇلاق تۈۋىدە شۇ ئۇستازنىڭ مۇلايىم ئاۋازى ھېلىمۇ ئاڭلىنىۋاتقاندەك تۇيۇل-دى. كەپسىز مايمۇنچاق رەڭگارەڭ قەغەز پارچىلىرىنى شى-لىم بىلەن بىر - بىرىگە يەملەپ، ئالا - بۇلىماچ ئۆزۈن بىر نەرسىنى ياساپ، ئۇنى كۆتۈرگىنىچە تىۋىش چىقارماي بېرىپ، دوسكىغا ئىخلاس بىلەن خەت يېزىۋاتقان ئاق توشقان ئەپەندىنىڭ كاستۇمى ئارقىسىدىن چىقىپ قالغان قۇيرۇقىغا ئېسىپ قويغىنى، سىنىپ ئىچىدە قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلگەن-دە ھېچنېمىنى چۇشەنمىگەن ئاق توشقان ئەپەندى گاڭگىر-غان ھالدا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، كۆزەينىكىنى كۆتۈرۈپ تې-گىدىن قاراپ كەتكىنى، قىپقىزىل كۆزلىرىنىڭ قورقۇنچ-تىن چەكچىيىپ كەتكىنى ئېسىگە كەلدى. شۇ چاغدا بۇ ئىشلار ئۇنىڭغا بىر خىل قىزىقارلىق ئويۇن بولۇپ تۇيۇلغان بولسا، مانا ئەمدى ئىنتايىن بىمەنە، ئازابلىق، ئاچچىق بىلىنىۋاتاتتى.

«ھەي، نادانلىق، ھازىرقىدەك ئەقىل بولسا شۇنداق قىلاتتۇقمۇ» دەپ خۇرسىندى ئۇ. بۇ پەقەت ئۆزىنى بەزلەش خالاس. سىرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۇجىسى، ئۆزۈن تۇكلۇك كۇچۇك ۋە مۇلايىم قوزىچاقلار ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئىشلارنى قىلمايتتى، ئۇلارنىڭ خاتا قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ ئەيىب-لەيتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، تېخى كۆڭلىدە: «بىزگە ھەسەت قىلىشىۋاتىدۇ» دەپ ئويلىغاند-

دى، شۇ چاغدىمۇ تىرىشىپ ئوقۇغان مۇلايىم قوزىچاق ھازىر
ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى تازا ئىشلىتىۋاتىدۇ.

بىر قېتىم دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن ئاسلان قاتار-
لىقلار بىنانىڭ چىقىش ئىشىكىدىلا بىر توپ بولۇۋېلىپ:
«ھەممىسى ئوخشاش توشقانۇ، ياۋا توشقاننىڭ كۆزى قارا،
ئاق توشقاننىڭ كۆزى قىزىل بولۇشى قانداق ئىش؟» دەپ
مۇلاھىزە يۈرگۈزگىنىچە ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىۋاتاتتى.
ئۇلار ئاق توشقان ئەپەندىنىڭ كۆزىنىڭ غەلىتە ئىكەنلىكىدىن
ئىبارەت بۇ ئەيىبىنى چىڭ تۇتۇش ئارقىلىق ئۇنى مەسخىرە
قىلىۋېلىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولاتتى. مۇنازىرە،
ۋاراڭ - چۇرۇڭنىڭ ئايىغى چۈشمەيلا ئاق توشقان ئەپەندى
ھاسىسىنى توكۇلداتقىنىچە پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كەلدى. ئۇ-
لار ئەمدى تازا تەنبىھ ئاڭلايدىغان بولدۇق دەپ ئويلىشىپ
قورقۇنچ ئىچىدە جىم بولۇپ قالدى. شۇ ئارىدا مۇئەللىمنىڭ
سالماق ئاۋازى جاراڭلىدى: «بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلى-
ۋېلىشقا تىرىشىش سىلەردىكى ياخشى پەزىلەت. مەنمۇ سى-
لەرنىڭ سېپىڭلارغا قوشۇلاي. مېنىڭ بىلىشىمچە، ياۋا توش-
قانلار قوغدىنىش رەڭگىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، قارا پىگ-
مېنتنى ئالاھىدە سەرپ قىلىدۇ. شۇڭلاشقا كۆزى قارا كۆ-
رۈنىدۇ. ئاق توشقان تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشتەك ئىرسىيەتلىك
ھادىسىگە ئاساسەن رەڭ پىگمېنتىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانلىق-
تىن، كۆزىنىڭ رەڭ پىگمېنتى يىتىپ، كۆزىدىكى قىزىل
قان تومۇرلار ئېنىق كۆرۈنۈپ قالغان. شۇڭا ئاق توشقاننىڭ
كۆزى قىزىل كۆرۈنىدۇ.»

تاغىل ئاسلان ئۇستازىنى قاتتىق سېغىنغانلىقىنى ھېس
قىلدى - دە، ئاللىقاچان پېنسىيىگە چىقىپ بولغان ئۇستازى-

نى ئۇزاق ئۆتمەيلا يوقلاپ كېلىش نىيىتىگە كەلدى.
«توك، توك، توك!»
تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ دەرەخ چوقۇلىغان ئاۋازى تاغىل ئاسلاننىڭ دىققىتىنى بۆلدى. تۆمۈرتۇمشۇق ئۇنىڭغا ياخشى تونۇش ئىدى. ئۇ يوقتىدىغان زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇزۇن بۇرۇن قوڭغۇز، يېشىل كېپىنەك، پارقىراق قوڭغۇز، مايقوڭغۇزى... قاتارلىقلارنىڭ تۇخۇم، لىچىنكىسى، قورچاقلىرىنى يەپ تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتىۋېتەلەيتتى. دەرەخ قوۋزىقى ئىچىگە يوشۇرۇنىۋالغان بۇ «دۈشمەن»لەرنى دورا چېچىش ئارقىلىق يوقاتماق ناھايىتى قىيىن ئىدى. ھالبۇكى، ئۇ ئۇندىمەستىن زىيانداشلارنى يوقىتىپ، توپ ـ توپ دەرەخلەرنى ئاسراپ قالغاچقا، «ئورمان دوختۇرى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەنىدى.
— يەنە ئارام ئالماي ئىشلەپ كەتتىڭمۇ، تۆمۈرتۇمشۇق، — دېدى تاغىل ئاسلان ئۇنىڭغا قايىللىق ھېسسىياتى بىلەن.
— بۇ مېنىڭ خىزمىتىم. ئۇنى بىر مىنۇتمۇ تاشلاپ قويۇشقا ئەلۋەتتە بولمايدۇ ـ دە! — دەپ جاۋاب بەردى تۆمۈرتۇمشۇق.
— ئاۋۇ يەرگە چاپلاپ قويغان ئېلاننى كۆردۇڭمۇ؟ — دەپ سورىدى تاغىل ئاسلان ئۆزى كەلگەن تەرەپنى كۆرسىتىپ.
— كۆردۈم، ئۇ ساقچىلىققا قوبۇل قىلىش ئېلانىكەن.
— سەن ساقچىلىققا ئىمتىھان بېرىشنى خالامسەن؟ — دەپ يەنە سورىدى تاغىل ئاسلان.
— ھەرقانداق كەسىپنى تاللاشتىكى بىردىنبىر مەقسەت

ئۆزىگە بىرىنچى باسقۇچىرى قىلدۇرۇپ، باشقىلارغا كۆپرەك
ئىش تىھانغا قاتناشقۇچە جەمئىيەت ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش،
مېنىڭ رەت تەرتىپى ئۇشۇم ياشاش شارائىتىمغا، ھازىرقى
خىزمىتىتاغىل ئاساس كېلىدۇ. شۇڭا مەن ساقچى بولۇشنى
ئويلاپ كۆرتاقەت بە

تۆمۈرئۆزىنىقنىڭ تەن قۇرۇلۇشى ئۆزگىچە بولغاچقا،
ھاشارات تۇتۇشتا ئالاھىدە ماھارەتكە ئىگە، ئۇنىڭ پۇتى باشقا
قۇشلارنىڭ پۇتىغا ئوخشاشمايدۇ. كۆپ ساندىكى قۇشلارنىڭ
ئۈچ پەنجىسى ئالدىغا، بىر پەنجىسى ئارقىغا قارىسا، ئۇنىڭ
ئىككى پەنجىسى ئالدىغا، ئىككى پەنجىسى ئارقىغا قارايدۇ.
پەنجىسىنىڭ ئۇچىدا ئۆتكۈر تىرنىقى بار، دەرەخ غوللىرىنى
مەھكەم تۇتالايدۇ ياكى دەرەخ غولىغا ئەركىن يامىشالايدۇ.
ئۇنىڭ قۇيرۇق پەيلىرى ياغاچ شىناغا ئوخشاش ھەم قاتتىق،
ھەم تۇز، ئېلاستىكلىقغا ئىگە. ئۇ دەرەخنى چوقۇغاندا پەيلە-
رى تىرەك رولىنى ئويناپ بەدىنىنى تىرەپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ
ئۇچلۇق تۇمشۇقى خۇددى ئىسكىنىدەك ئۆتكۈر. شۇڭا ئۇ بىر
ياقتىن دەرەخ غولىنى بىر چوقۇلاپ، بىرياقتىن يۇقىرىغا
يامىشىۋالالايدۇ. ئۇ تۇمشۇقى بىلەن دەرەخنى چوقۇيدۇ،
ھاشارات بارلىقىنى سەزگەن ھامان دەرەخ قوۋزىقىنى چو-
قۇلاپ بۇزۇپ، ئۇچى ئىلمەككە ئوخشايدىغان ئىنچىكە ھەم
ئۇزۇن تىلىنى چىقىرىپ قوۋزاق ئاستىدىكى زىيانداش ھاشا-
راتلارنىڭ ھەممىسىنى ئاچقىپ يۇتۇۋېتىدۇ. ئەگەر قورچاق
ياكى تۇخۇم بولۇپ قالسا تىلىدىكى يېپىشقاق سۇيۇقلۇقتا
يېپىشتۇرۇپ چىقىرىدۇ. تۆمۈرتۇمشۇق كۈنىگە ئالتە يۈز
تۈپ دەرەختىكى زىيانداش ھاشاراتنى يوقىتالايدۇ. تاغىل
ئاسلان تۆمۈرتۇمشۇققا سىنچىلاپ قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— سەن نېمىشقا ئىمتىھان بېرىشتىگە كەلدى. دەپ
سورىدى تۆمۈرتۆمشۈق چوڭقۇر خىيـ      تاغىل
ئاسلاندىن. ئاۋازى تاغىل ئ

— ئۆتەلمەسمەنمىكىن دەيمەن، — دە نىڭغا ياخشى ئاسلان.

— ئىمتىھانغا قاتناشماي تۇرۇپ ئۆزاتلارنىڭ نىلىقىڭنى قانداق بىلىسەن؟ — دېدى تۆمۈرتۆمشۈق، — يېڭى چىلىقتا قوبۇل قىلىنىپ قالساڭ، ئۇ خىزمەت ساڭا تازا باب كېلىدۇ.

— ئىلھام بەرگىنىڭگە رەھمەت، مەنمۇ شۇنداق قارارغا كەلدىم.

— ئۇنداقتا ۋاقىتنى كېچىكتۈرمەي دەرھال بارغىن، بۈگۈن تىزىملاش قەرەلىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى، — دېدى تۆمۈرتۆمشۈق ئۇنى ئالدىرىتىپ.

— ماقۇل، مەن ھازىرلا ماڭدىم، خوش، — دېدى تاغىل ئاسلان.

— خوش، ساڭا ئامەت تىلەيمەن.

تاغىل ئاسلاننىڭ كەينى تەرىپىدىن «تۇك، تۇك، تۇك!» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە: «مەنمۇ چوقۇم تۆمۈرتۆمشۈققا ئوخشاش ياخشى خىزمەت قىلىپ جەمئىيەت ئۈچۈن خالىسانە تۆھپە قوشىمەن» دېگەن خىياللار كەزمەكتە ئىدى.

تاغىل ئاسلان يېتىپ كەلگەندە، تىزىملاش ئورنى ئىشتىن چۈشكەنىدى. تاغىل ئاسلان ئەتىسى ساقچى ئىدارىسىگە كەلگەندە بۇ يەر قايىنام ـ تاشقىنلىققا تولغانىدى. ئۇ بۇ يەردە نۇرغۇن دوستلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. كەپىنەز مايمۇنچاق، شوخ ئوغلاقجان ۋە ئۇزۇن تۇكلۇك كۇچۇككمۇ ئىمتىھانغا قاتناشقىلى كەلگەنىدى. ۋاقىت توشتى. ئىمتىھان-

نىڭ بىرىنچى باسقۇچى تەن سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش ئىدى.
ئىمتىھانغا قاتناشقۇچىلارنىڭ ئىسمى تىزىمغا ئالدۇرغان چاغ-
دىكى رەت تەرتىپى بويىچە بىر - بىرلەپ چاقىرىلىشقا باشلى-
دى. تاغىل ئاسلان ئەڭ ئاخىرىدا تىزىملاتقان بولغاچقا،
سەۋر - تاقەت بىلەن خېلى ئۇزۇن ساقلىشىغا توغرا كېلەت-
تى. ئۇ ئۆزىنىڭ ساغلام ئىكەنلىكىگە، يۈگۈرۈش، سەك-
رەش، يەر بېغىرلاش قاتارلىق تەنتەربىيە تۈرلىرىدىن ئېلى-
نىدىغان سىناقتىنمۇ ئۆتەلەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتەتتى. بى-
راق، ئىككىنچى باسقۇچلۇق سىناقنى بەك قىيىن دەپ ئاڭ-
لىغانىدى. دەسلەپكى باسقۇچتا ئىمتىھانغا قاتناشقۇچىلارنىڭ
ئۈچتىن بىرى تاللانسا، كېيىنكى باسقۇچتا بەشتىن بىرىلا
تاللىناتتى. دېمەك، بۇ ئىمتىھاندىن ئۆتمەك ئۇنچىۋالا ئاسان
ئەمەس ئىدى.

كىرگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى سالپىيىپ چىقىۋاتاتتى.
بۇنداقلارنىڭ سانى كۆپەيگەنسېرى تاغىل ئاسلان جىد-
دىيلەشكىلى تۇردى. شۇ ئارىدا كەپسىز مايمۇنچاق، شوخ
ئوغلاقجان ۋە ئۇزۇن تۇكلۇك كۈچۈكلەرنىڭ ئىسمى چىقىپ
ئارقا - ئارقىدىن كىرىپ كېتىپ، ئۇلارمۇ چۈشكۈن ھالدا
يېنىپ چىقتى. كەپسىز مايمۇنچاق ئۆلچەملىك يەر بېغىرلاش
ھەرىكىتىنى تەلەپ بويىچە ئورۇندىيالمىغانىدى. شوخ ئوغ-
لاقجاننىڭ بولسا كۆزىنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىقى
ئىسپاتلانغانىدى. لېكىن، ئۇزۇن تۇكلۇك كۈچۈكنىڭ پۇ-
راش سېزىمىنىڭ تۆۋەنلىكى بىلەن شاللىنىپ قېلىشى ئەجەب-
لىنەرلىك ئىدى. ئەمەلىيەتتە يۇڭلۇق خاۋازا تىپىدىكى ئىت-
لاردا ئاپشاركىدا بولىدىغان پۇراش سېزىمىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى-
دىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكىنىڭ يوق ئىكەنلىكى پاكىت ئىدى.

تاغىل ئاسلان دوستلىرىنىڭ ئۈمىدسىزلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ ئۆزىنىڭمۇ دەسلەپكى سىناقتىن ئۆتۈپ كېتەلىشىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدى. «قايتىپ كېتىش كېرەكمىكىن - يە؟!» دەپ ئويلىدى ئۇ. ئىمتىھانغا قاتنىشىپ شاللىنىپ قالغاندىن كۆرە قاتناشمايلا قويغان تۈزۈكتۇر بەلكىم. ئۇ بۇ قارارىنى دوستلىرىغا ئېيتىشقا تەمشىلىپ تۇرۇشىغىلا تۇمۇرتۇمشۇقنىڭ سۆزى ئېسىگە كەلدى. ئۇنىڭغا ئۈمىدلىك كۆزىنى تىككەن ئۇستازىنىڭ مېھرىبان چىرايى كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. ئۇ خىزمەت قىلماقچى، باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇپ ئۇستازىنىڭ ئەجرىنى ئاقلىماقچى ئەمەسمىدى؟! ساقچى بولۇشنى ئۆزىنىڭ بۇ ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى بىردىنبىر ۋاستە قىلماقچىدىغۇ، بۇ ئىشتىن يېرىم يولدىلا ۋاز كەچسە قانداق بولغىنى؟!...

ئۇ شۇنداق خىياللار ئىلكىدە ئىككىلىنىپ تۇرۇۋاتقاندا نۆۋىتى كېلىپ ئىسمى چاقىرىلدى. ئۇ ئىشەنچسىزلىك، دەككە - دۈككە بىلەن ئىچكىرىگە قەدەم قويدى. ئەمما، ئۇ ئۆزىنىڭ باشقا يەنە تۆت رىقابەتچىسى بىلەن بىللە بىرىنچى باسقۇچلۇق سىناقتىن ئۆتۈپ قېلىشىنى ھەرگىزمۇ ئويلاپ باقمىغانىدى.

ئىككىنچى باسقۇچلۇق سىناق ئەڭ مۇھىم، ئەڭ قىيىن، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق سىناق ئىدى. تاغىل ئاسلان سوئاللارغا يازمىچە جاۋاب يازىدىغان ئىش بولۇپ قالارمىكىن دەپ تولىمۇ ئەنسىرىگەنىدى. چۈنكى، ئۇ جاۋابلارنى يېزىپ تاپشۇرۇشقا توغرا كەلسە بەك ئوسال ھالەتكە چۈشۈپ قالىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇنىڭ تەلىيىگە كېيىن-

كى باسقۇچلۇق سىناق يۈز تۇرانە سۆزلىشىش شەكلى بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. سورىلىدىغان سوئاللارمۇ ئاساسەن ھايۋانلارنىڭ ياشاش شارائىتى ۋە خىلمۇ خىل ئادەتلىرىگە ئالاقىدار سوئاللار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىزاھات بېرىشىچە، ساقچى بولغان كىشى چوقۇم ھەربىر ئاھالىنىڭ ئۇششاق - چۈششەك تەرەپلىرىگىچە مۇكەممەل بىلمىسە خىزمەت قىلىش جەريانىدا ۋە تاسادىپىي يۈز بېرىپ قالىدىغان دېلولارنى ئىشلەش ۋاقتىدا قىيىنچىلىق تۇغۇلۇپ قالاتتى. دېمىسىمۇ بۇ نورمال ۋە توغرا قاراش ئىدى.

— ھايۋانلار ماڭغاندا ئالدى بىلەن قايسى پۇتىنى چىقىرىدۇ؟ — دەپ سورىدى ھەيۋەتلىك كۆرسىتىدىغان فورمىسىنى رەتلىك كىيىۋالغان سالاپەتلىك ساقچى باشلىقى.

بۇ سوئال باشقىلارغا بەك ئاسان تۇيۇلغان بولسا كېرەك، ئويلانمايلا ئۆز كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

«ھايۋانلار ماڭغاندا ئالدى بىلەن قايسى پۇتىنى چىقىرىدىغاندۇر؟» تاغىل ئاسلان ئەستايىدىل ئويلىنىشقا باشلىدى. قارىماققا مۇشۇ سوئالدىن كېيىن سىناق پۇتۇنلەي ئاخىرلىشىدىغاندەك قىلاتتى. شۇڭا بۇنىڭغا ئەڭ توغرا جاۋابنى تېپىشقا توغرا كېلەتتى. بۇ باسقۇچلۇق سىناقتا بەشتىن بىرى تاللىناتتى. ھازىر سىناققا قاتنىشىۋاتقانلار ئۇنىڭ بىلەن قوشۇلۇپ بەشلا كىشى بولغاچقا، مۇشۇ بەشەيلەننىڭ ئىچىدىن پەقەت بىرىلا ساقچى فورمىسىنى كىيىش لاياقىتىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقى ئايدىڭلىشىپ قالغانىدى. ھېلىمۇ ئۇ بىلىملىك دوختۇر پىل ۋە ئەقىللىق مۇلايىم قوزىچاق بىلەن دائىم ئەسرا بولۇپ يۈرگىنى، ئۇلاردىن ئۆگىنىۋالغانلىرى بويىچە ھازىرغىچە سورالغان سوئاللارغا ئوڭۇشلۇق ھالدا قانائەتلى-

نەرلىك جاۋاب بېرەلىگەنىدى. ئەمدى غولىچى تۇگەپ غېرد-
چى قالغاندا ئوچۇشىسىز لىقتا ئۇچراپ قالسا قاملاشماس.
تاغىل ئاسلان ئۆزىنى كۆزگە ئىلمىغاندەك قاراپ قويۇپ
مەغرۇرانە تۇرغان تۆت رىقابەتچىسىگە پەرۋا قىلماي داۋاملىق
كاللا قاتۇردى ـ دە، ئىختىيارسىز قەدەم ئېلىپ ئۇياق ـ
بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. ئۆزىنىڭ قەدەم شەكلى ئىلھامىنى
قوزغىدى. مەنمۇ سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارغا كىرگەندىكىن
ئادەتتىكى قەدەم شەكلىم چوقۇم ئۇلار بىلەن ئوخشاش، لې-
كىن جىددىيلەشكەندە قانداق بولىدۇ؟ ئۇنىڭ دوستلىرى
بىلەن ئوينىغان چاغدا ئۇلارنىڭ خىلمۇخىل ئەھۋالدىكى قە-
دەم ئېلىش شەكلى كۆز ئالدىدا ئايان بولدى: «ھە، ئەمدى
بىلدىم، بۇ جاۋابنىڭ يۈز پىرسەنت توغرا چىقىدىغانلىقى
شەك ـ شۈبھىسىز.»
— سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار قەدەم ئېلىشتا ئادەتتە ئالدى
پۇتىنى چىقىرىدۇ. يەنى ئوڭ ئالدى پۇتىنى، سول ئارقا
پۇتىنى چىقىرىپ، شۇنىڭغا ئۇلاپلا ئاۋۋال سول ئالدى پۇتى-
نى، ئاندىن ئوڭ ئارقا پۇتىنى چىقىرىپ ماڭىدۇ. بۇنداق
قىلىش ئۇلارنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.
ئەمما تېز يۈگۈرگەن چاغدا، ئالدى بىلەن ئارقا پۇتىنى
چىقىرىدۇ. مەسىلەن، ياۋا توشقان ئاستا ماڭغاندا، ئىككى
ئالدى پۇتىنى تەڭ چىقىرىپ ماڭىدۇ. ئۇنى كۆشەندىلىرى
قوغلىغان چاغدا ئارقا پۇتىنىڭ كۈچلۈك ئېلاستىكلىق فۇنك-
سىيىسىگە تايىنىپ ئۇچقاندەك تاقلايدۇ. ئات چاپقاندىمۇ ئارقا
پۇتىنى باشتا چىقىرىدۇ. قىسقىسى، سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار
نورمال ئەھۋال ئاستىدا باشتا ئالدى پۇتىنى چىقىرىپ ماڭسا،
جىددىي ھالەتكە كەلگەندە باشتا ئارقا پۇتىنى چىقىرىپ ماڭى-

دۇ. شىمپەنزىگە ئوخشاش ئۆرە ماڭىدىغان هايۋانلارنىڭ يەر بېغىرلاپ ئالغا ئىلگىرىلىگەن ۋە قاچقان چاغدىكى پۇت ئىلد- شىمۇ دەل شۇنداق بولىدۇ.

— سىزنىڭ جاۋابىڭىز ھەم توغرا، ھەم تەپسىلىي بول- دى، — دېدى ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن ساقچى باشلىقى هاياجان بىلەن قولىنى ئۇزىتىپ كېلىپ تاغىل ئاسلاننى سىققىنىچە، — سىزنى تەبرىكلەيمەن. سىز بۈگۈندىن ئېتىبا- رەن ساقچىلىققا قوبۇل قىلىندىڭىز.

تاغىل ئاسلان ئۆزىگە ياراشقان ساقچى فورمىسىنى كى- يىپ تەييار بولغاندىن كېيىن ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش قەسىمى- نى بەردى. كۆپچىلىك ئۇنى قىزغىن ئالقىشلىدى.

ئۇ كىشىلىك جەمئىيەتكە ھەقىقىي قەدەم باسقانلىقىنى ھېس قىلدى. ۋۇجۇدىدا پۈتمەس - تۈگىمەس كۈچ - قۇۋ- ۋەت ئۇرغۇۋاتقاندەك بولدى.

## ئافرىقىلىق مېھمان

سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۇجىسى بارلىق ئۆردەكلەرگە ئوخشاشلا سۇ ئۈزۈشكە ماھىر ئىدى. ئۇنىڭ بەدىنى تۈز تاپان قولۋاق شەكلىدە بولۇپ، سۇ ئۈزۈشكە ماس كېلەتتى.

سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۇجىسى بەھۇزۇر سۇ ئۈزۈپ ئىنتايىن راھەتلىنىپ كەتتى. ئۇ ئۇشتۇمتۇت كۆلنىڭ تېيىز يېرىدە تۇرغان يوغان بىر مەخلۇقنى كۆرۈپ شاپپىدە توختى- دى ۋە چۆچۈگەن ھالدا ئۇ مەخلۇققا سىنچىلاپ قارىدى. چۈنكى، ئۇ بىر قېتىم ئىمساھىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندىن

كېيىن، سۇ ئۈزگىلى بۇ كۆلگە كەلگەندە قاتتىق ئېھتىيات قىلىدىغان بولغانىدى.

«ھە، ئۇ ئافرىقىلىق مېھمانكەنغۇ.» سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسى خاتىرجەم بولدى. ئۇ «ئافرىقىلىق مېھمان» بىلەن سالاملىشىپ قويۇشنى لايىق تاپتى.

سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسى ئۇنىڭغا يېقىنلاپ باردى. ئۇ دوستلىرىدىن ئافرىقىلىق بىر مېھماننىڭ زىيارەت قىلىپ كەلگەنلىكىنى، كۆرۈنۈشى قوپال ۋە قورقۇنچلۇق بولغان بىلەن مىجەزىنىڭ مۇلايىم، چىقىشقاق ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى. ئۇ سۇ ئىچىدە بەخىرامان ئۈزۈۋاتاتتى.

— ھوي، ئافرىقىلىق مېھمان، ياخشىمۇسىز؟ — دېدى سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسى.

— مېنى چاقىرغان كىم؟ — مېھماننىڭ ئۇيقۇسى ئىندىتايىن سەگەك بولسا كېرەك، ئالدىراپ كۆزىنى ئاچتى ۋە ئۆتكۈر دەك يوغان ئاغزىنى كېرىپ ئەسنىگەندىن كېيىن ئىككى تەرىپىگە قارىدى.

— مەن، سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسى، — دېدى سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، ئۇ مېھماننىڭ زور بەستى ۋە يوغان ئېغىزىدىن ھەيران بولغىنىچە، — ئۇخلىشىڭىزغا دەخلى يەتكۈزۈپ قويدۇممۇ قانداق؟

— كېرەك يوق، — دېدى ئافرىقىلىق مېھمان، — سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسى، مېنى بېگىموت دەپ چاقىرساڭ بولىدۇ.

سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسى بېگىموتنىڭ زور بەستى ۋە يوغان ئاغزىغا ماس كەلمەيدىغان مۇلايىم، يېقىم-

لىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھەيران قالدى.
— بېگىموت ئەپەندى، بەستىڭىز ئىنتايىن يوغان ئىكەن، — دېدى ئۇ تارتىنماي سۆزلەپ.
— ھەممىمىزنىڭ بەستى ئوخشاش ئەمەس، بېگىموتنىڭ يوغانلىرىمۇ بولىدۇ، ۋىجىكلىرىمۇ بولىدۇ. ۋىجىك بېگىموتلار ئافرىقىنىڭ غەربىدە ياشايدۇ. بىزنىڭ تۇرىمىز بەك ئاز بولغانلىقتىن خەلقئارادا قوغدىلىدىغان ھايۋانلار قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. بەدەن ئېغىرلىقىمىز ئىككى يۈز يەتمىش كىلوگرامدىن ئاشمايدۇ.
— بەستىڭلارمۇ چوڭ بولغاندىكىن ئەلۋەتتە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشۈڭلار مۇمكىن، — دېدى سېرىق تومشۇق ئۆردەك چۈجىسى سوئالىنى داۋاملاشتۇرۇپ.
— مېنىڭ بىلىشىمچە، چوڭ بېگىموت ئەللىك يىلچە، ۋىجىك بېگىموت ئوتتۇز يىلچە ئۆمۈر كۆرىدۇ، — بېگىموت سېرىق تومشۇق ئۆردەك چۈجىسىنىڭ سوئاللىرىدىن زېرىككەندەك قىلمايتتى.
— سىزمۇ ماڭا ئوخشاش سۇغا ئامراق ئىكەنسىز - دە، بېگىموت ئەپەندى، — دېدى يەنە سېرىق تومشۇق ئۆردەك چۈجىسى.
— بېگىموتنىڭ گەۋدىسى يوغان بولسىمۇ، رەقىبلىرى بىلەن ئېلىشقاندا ئاجىز ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز كۈندۈزى خەۋپ - خەتەر ئاز بولغان سۇ ئىچىدە ئۇخلايمىز. كېچىسى بىخەتەر چاغدا قۇرۇقلۇققا چىقىپ ئوتلايمىز. تاڭ ئاتقاندا يەنە سۇ ئىچىگە قايتىپ كېلىپ ئارام ئالىمىز. ئۇنىڭدىن باشقا، بىز ئافرىقا ئىسسىق بەلۋېغىدا ياشىغاچقا، ئىسسىق كۈنلەردە سۇغا چۈشۈپ ئادەتلەنگەن. بۇ خىل ئادەت

شارائىتقا ماسلىشىشىنىڭ ياخشى دەلىلى دېگىنە!

«نېمىدېگەن سەمىمىي ـ ھە!» سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسى ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا سۆزلىيەلىگەن كىشىنى تۇنجى قېتىم ئۇچرىتىشى ئىدى. جەمئىيەتتىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر «قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلارنىمۇ قىلالايمەن» دەپ سۆزلەشكە ئادەتلەنگەنىدى. ئۇلار شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى يوشۇرماقچى، باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىمەكچى بولاتتى.

سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسى بېگىموتنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى.

— بېگىموت ئەپەندى، ھازىر مېنىڭ ئۆيۈمگە بارسىڭىز قانداق؟ — دەپ تەكلىپ قىلدى ئۇ، — بىرنەچچە دوستلىرىم بار. ئۇلارغا خەۋەرلەندۇرۇپ قويسام، ئۇلار چوقۇم كېلىپ، سىز بىلەن تونۇشقانلىقى ئۈچۈن خۇشاللىق ھېس قىلىدۇ.

— رەھمەت، سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسى، — دېدى بېگىموت ئۆزرە ئېيتىپ، — مەن ھازىر بارماي تۇراي.

سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسى ئەمدىلا چۈشتىن قايرىلغانىنى بىلدۇرۇپ، قىزىق نۇرىنى سېپىۋاتقان قۇياشقا قاراپ قويدى ۋە:

— ئۆيۈمدە ھاۋا تەڭشىگۈچ ۋە شامالدۇرغۇچ بار. ئۆيۈمگە يېقىنلا بىر يەردە كىچىك بىر كۆلچەكمۇ بار. سالقىندىشىڭىزغا بەك ئەپلىك، — دېدى.

— كەچۈرگىن، ئەڭ ياخشىسى، ھازىرچە بارمىغىنىم تۈزۈك.

— ھازىر كۈندۈز بولغاچقا، بىخەتەرلىكىڭىزدىن ئەنسى-
رەۋاتامسىز - يە؟ — سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسى
ئۇنىڭ ئۆزرە ئېيتىشىدىكى سەۋەبىنى چۈشەنگەندەك بول-
دى، — ھېچقانداق خاۋاتىرلەنمەڭ، بۇ يەرنىڭ جەمئىيەت
ئامانلىقى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان.

سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسىنىڭ قايتا - قايتا
ئۆتۈنۈشى، ئىلتىجا قىلىشى نەتىجىسىدە بېگىموت ئىلاجىسىز
ماقۇل بولدى.

ئۇلار قويۇق ئورمانلىق ئىچىدە سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك
چۈجىسىنىڭ ئۆيىگە ماڭدى. سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجى-
سى ئۆزىگە تونۇش يوللار بىلەن بىمالال كېتىۋەرگىنى بى-
لەن، يوغان، بەستلىك بېگىموتقا چاتقال ۋە دەرەخ شاخلىرى
ئارىسىدىن يول ئېچىپ مېڭىشى ئىنتايىن مۈشكۈل ئىدى.
ئۇ يوللاردىن مېڭىشنىڭ تەسلىكى ۋە ئىسسىقتىن ھاسىراپ
كەتكەنىدى. ئارقىسىغا يېنىپ كەتمەكچى بولدىيۇ، يولنىڭ
يېرىمىغا كېلىپ بولغاندا يېنىۋالسا ئەدەپسىزلىك بولىدىغان-
لىقى ئۈچۈن، چىداپ ئۈندىمەي مېڭىۋەردى. سېرىق تۇم-
شۇق ئۆردەك چۈجىسى ئۇنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ تۇرغاچقا
بارغانسېرى ئوڭايسىزلىق ھېس قىلىۋاتاتتى.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە ئىلگىرىلەپ مېڭىپ بىر تار يارلىق
ئۈستىدىن ئۆتۈۋاتقان چاغدا كۈتۈلمىگەن بىر ھادىسە يۈز
بەردى. بېگىموتنىڭ قىرغا دەسسەلگەن بىر پۇتىنىڭ تېگىدى-
كى بوشىغان تۇپا قاتلىمى گۈمۈرۈلۈپ كەتتى - دە، بېگى-
موت ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يارغا دومىلاپ چۈشۈپ كەتتى. يار
بەك چوڭقۇر ئەمەس ئىدى. بىراق قۇرۇپ قالغان بىر قىسىم
دەرەخلەرنىڭ چوقچىيىپ چىقىپ قالغان يىلتىزلىرىغا ۋە

چوڭ ـ چوڭ شاخلىرىغا ئۇرۇلۇشىنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلىـ
گىلى بولمايتتى.
سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسىنىڭ تېزلىكتە خەۋەر
قىلىشى نەتىجىسىدە يېتىپ كەلگەن كۆپچىلىك قولمۇ قول
ھەمكارلىشىپ قىمىر قىلالماي يېتىپ قالغان يوغان گەۋـ
دىلىك بېگىموتنى خېلى تەستە دوختۇرخانىغا يۆتكەپ
ئەكەلدى.
دوختۇر پىلنىڭ دىئاگنوزى ئېنىق بولدى. بېگىموتنىڭ
بىرنەچچە يەرلىرى تىكمىسە بولمىغۇدەك دەرىجىدە جاراھەتـ
لەنگەنلىكى، يەنە سول قول بېغىش بوغۇمىدىن ئۈزۈلگەنلىـ
كى، ئۈزۈلگەن يەرلىرى تېرە، سېڭىر بىلەنلا تۇتىشىپ
قالغانلىقى ئېنىقلاندى. كۆپچىلىك سۈكۈتكە چۆمدى. سېـ
رىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسى ئېسەدەپ يىغلاۋاتاتتى. ئۇـ
نىڭغا تەسەللى كار قىلمايدىغانلىقى ئېنىق بولغاچقا، ھېچكىم
بېرىپ كۆڭلىنى ياساپ قويمىدى. ئۆزىنىڭ تەكلىپىنى قوـ
بۇل قىلىشى سەۋەبىدىن مېھمىنى مۇشۇنداق ئېغىر ئاقىۋەتكە
دۇچار بولسا ھەسرەت چەكمەيدىغان، پۇشايمان قىلمايدىغان
كىم بار. كۆپچىلىك ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەچكە
ھېسداشلىق قىلاتتى. بىراق، ئافرىقىدىن كەلگەن مېھمانـ
نىڭ قېرىنشقاندەك بۇ يەردە ھادىسىگە يولۇقۇشى كىمنىمۇ
ئېچىندۇرمىسۇن.
دوختۇر پىل سالماق ھالدا ئوپېراتسىيىگە كىرىشتى.
تىكىشكە تېگىشلىك جاراھەتلەرنىغۇ ئوڭشۇشلۇق تىكىپ بىر
تەرەپ قىلدى. مۇھىمى ئۈزۈلگەن قولنى ئۇلاشقا كۆپ كۈچ
كېتەتتى.
— زۇلۇكنى بىلەمسىز؟ — دەپ سورىدى دوختۇر پىل،

كۆچلۈك تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغانلىقتىن قائىدىنى بۇزۇپ
ئوپېراتسىيە ئۆيىگە كىرگىلى قويۇلغان ۋە ئۆزىنىڭ ھەرىكە-
تىگە كۆز ئۈزمەستىن قاراپ تۇرغان سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك
چۈجىسىدىن، — زۇلۇك بوغۇملۇق جانىۋار، ئۇنىڭ تېنىنىڭ
ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن بەش سانتىمېتىر ئەتراپىدا، سۆسۈن
رەڭلىك، بەدىنىنىڭ ئالدى - كەينىدە شورىغۇچلىرى بار.
زۇلۇك دائىم كىشىلەرنىڭ پاچىقىغا چاپلىشىۋېلىپ شورىغۇ-
چىسى ئارقىلىق قان شورايدىغانلىقىدىن ئېتىزدا ئەمگەك قى-
لىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ.

— بىلىمەن، — دېدى سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك
چۈجىسى.

— ماڭا بىرنەچچىنى تېپىپ ئەكېلىپ بېرىڭ، تېز
بولۇڭ.

سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسى زۇلۇكنىڭ نېمىگە
كېرەك بولىدىغانلىقىنى بىلمىسىمۇ، دوختۇر پىل بۇيرۇغان-
لىقى ئۈچۈن دەرھاللا بىرنەچچىنى تېپىپ ئەكەلدى.

دوختۇر پىل بېگىموتنىڭ ئۇزۇلۇپ كېتىپ قايتا ئۇلان-
غان بېغىش بوغۇمىنىڭ ئۈستىگە بىر دانە زۇلۇكنى قويدى.
زۇلۇك ئۆمىلەپ يۇرۇپ يارا ئېغىزىدىكى قاننى شوراپ تويۇن-
غاندىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن پەسكە چۈشۈپ كەتتى. يەنە
بىرنى قويۇۋىدى، ئۇمۇ شۇنداق قىلدى.

— بۇ قاننى تازىلاپ چىقىرىش ئارقىلىق داۋالاشنىڭ بىر
خىل يېڭى ئۇسۇلى، — دېدى دوختۇر پىل ئۆزىگە سوئال
نەزىرىدە تىكىلگەن كۆپچىلىككە قاراپ، — زۇلۇكنىڭ تېنى-
نىڭ ناھايىتى كىچىك ئىكەنلىكىگە قارىماڭلار، ئۇنىڭ ئىش-
تىھاسى چوڭ. چۈنكى ئۇنىڭ ھەزىم قىلىش يوللىرىدا نۇر-

غۇن سوقۇرخالتىلىرى بولۇپ، كۆپ مىقداردا ئۇزۇقلۇق ساقلىيالايدۇ. ئۇ بىر قېتىم قان شورىۋالغاندىن كېيىن بىر يىل ھېچ نەرسە يېمىسىمۇ ئاچلىقتىن ئۆلمەيدۇ. ئۇنىڭ شۆلگىيى تەركىبىدە خرودىن ماددىسى بولۇپ، ئۇ قاننىڭ قېتىششىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. زۇلۇك بىر تەرەپتىن قان شوراپ، بىر تەرەپتىن شۆلگەي چىقارغاچقا، قان قېتىشىپ قالمايدۇ ـ دە، ئۇ قاننى تويۇنغانغا قەدەر شورايدۇ.

دوختۇر پىل لۆڭگە بىلەن پېشانىسىدىن تەپچىرەپ چىققان تەرنى سۈرتىۋەتكەندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. سىرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسى قىزىققان ھالدا ئاڭلاۋاتاتتى.

— تېبابەتشۇناسلار زۇلۇكنىڭ مۇشۇ ئالاھىدىلىكىدىن كلىنىكىلىق داۋالاشتا، مەسىلەن، بۇنىڭغا ئوخشاش ئۇلاش ئوپېراتسىيىسىدە پايدىلانغان، ئۇلاش ئوپېراتسىيىسىنىڭ نەتىجىلىك بولۇشىنىڭ ئاچقۇچى — ئۈزۈلگەن قولدىكى ئىنچىكە قىزىل قان تومۇرى، ئىنچىكە كۆك قان تومۇرلىرىنىڭ ئۇلانغان ـ ئۇلانمىغانلىقىدا. ئوپېراتسىيىدىن كېيىن، يېڭى ئۇلانغان قىزىل قان تومۇرى، كۆك قان تومۇرلىرىنىڭ ئىقتىدارى تېخى ئەسلىگە كەلمىگەن، ئايرىم قىسمىدىكى قان ئالمىشىش تېخى راۋان بولمىغانلىقى ئۈچۈن، دائىم ئايرىم قىسمىدا ئىششىپ كېتىش، قان ئۇيۇپ قېلىش، ئاغرىش ھادىسىلىرى كۆرۈلىدۇ. ئىلگىرى بۇنداق ئوپېراتسىيىدىن كېيىن دائىم يىڭنە سانجىپ قان ماڭغۇزۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق قان راۋانلاشتۇرۇلاتتى. بىراق، مۇنداق قىلغاندا يەنىلا قول مۇسكۇللىرىنىڭ تۈزۈلمىسى بۇزۇلۇپ كېتىپ، يارا ئېغىزىنىڭ تۇتۇشىغا تەسىر يېتەتتى. دوختۇرلار ھازىر زۇ-

لۇكنىڭ قان شورىشى ئارقىلىق بەزى قىسىملاردىكى مۇس-
كۇللارنىڭ قۇرۇلمىسىنى قوغداپ قالدى. يارا ئېغىزىدىن
بىر قانچە سائەت داۋامىدا چىققان قاننى زۇلۇك شوراپ بولۇپ
چۈشۈپ كەتسە ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.
— زۇلۇكنىڭ قان شورىشى تاشقى كېسەللىك ئوپېراتى-
سىيىسىگە چوڭ ياردەم بېرىدىكەن - دە، — دېدى سىبىرىق
تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسى، ئوپېراتسىيىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋا-
لىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ھەم دوختۇر پىلىنىڭ سۆزلى-
رىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ كۆڭلى خېلى ئەمىن تاپقانىدى.
— ئۇ تېخى يەنە ئىچكى كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا،
مەسىلەن، تارتىشىپ قالغان تومۇرلارنى بوشىتىش، يۇقى-
رى قان بېسىم كېسەللىكىنى يېنىكلىتىش قاتارلىقلاردا
قوللىنىلىدۇ.
— زۇلۇك ئەسلىدە ئىنسان، ھايۋانلارنىڭ قېنىنى شو-
راپ كېسەللىك تارقىتاتتى. بەزىلىرى يەنە كىشىلەرنىڭ بۇ-
رۇن بوشلۇقى، نەپەس يولى، سۈيدۈك يوللىرىغا سوقۇنۇپ
كىرىۋالاتتى. قارىغاندا بەزى زىيانلىق نەرسىلەرنىڭمۇ پايدى-
لىق تەرەپلىرى بار ئىكەن.
— شۇنداق، زۇلۇكنىڭ مەلۇم زىيىنى بار. بىراق
ئالدىنى ئېلىش ساۋاتلىرىنى بىلىۋالسا كۆپ زىيان سالالماي-
دۇ. زۇلۇك تېرىنىڭ ئۈستىدىن شورۇۋاتقاندا ھەرگىز ھولۇ-
قۇپ كەتمەسلىك، ئۇنى قول بىلەن ئۇرۇپ قېقىۋېتىش كې-
رەك. ئۇ قېقىۋەتسىلا چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۇنى ھەرگىز قول
بىلەن يۇلۇۋېلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ يۇلغانسېرى شۇنچە
چىڭ يېپىشىۋالىدۇ.
— رەھمەت سىزگە، دوختۇر، — دېدى سىبىرىق تۇمشۇق

ئۆردەك چوجىسى چەكسىز مىننەتدار بولۇپ، — سىز مېنىڭ كاساپىتىم بىلەن يارىلانغان بېگىموت ئەپەندىنىڭ ئۇزۇلگەن قولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇلاپ مېنى غايەت زور باش قېتىنـ. چىلىقىدىن قۇتۇلدۇرۇپلا قالماي، ماڭا يەنە نۇرغۇن بىلىمـ. لەرنى ئۆگىتىپ قويدىڭىز، ئەگەر بېگىموت ئەپەندى مېيىپ بولۇپ قالىدىغان بولسا مەن مەڭگۇ ئازابتىن قۇتۇلالـ. مايتتىم.

— بۇ دوختۇرلارنىڭ مەجبۇرىيىتى، سىرىق تۇمشۇق ئۆردەك چوجىسى، سەن خاتىرجەم بولغىن. ئەمدى ئۆيۈڭگە قايتىپ ئارام ئال. سەنمۇ كۆپ چارچىدىڭ، — دېدى دوختۇر پىل.

— ئۆيگە قايتمىسامۇ بولىدۇ، دوختۇر، بېگىموت ئەـ. پەندىنىڭ هالىدىن ئۆزۈم خەۋەر ئالاي. شۇنداق قىلسام كۆڭـ. لۈم ئازراق بولسىمۇ ئارام تاپار.

ناركوز دورىسىنىڭ تەسىرى يوقىلىپ هوشىغا كەلگەن ۋە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ياتقان بېگىموت ئەپەندى ئېغىز ئاچتى:

— مېنىڭ بۇ كۈتۈلمىگەن هادىسىگە يولۇقۇشۇم ئۆزۈمـ. نىڭ كاللانپايلىق قىلغىنىمدىن بولدى. بۇنى مېهماندوست دوستۇمنىڭ تەكلىپىدىن كۆرۈشكە قانداقمۇ ۋىجدانىم يول قويسۇن. بۇ ئىشنى ئۆزۈڭگە ئېلىپ كەتمە.

— بېگىموت ئەپەندى توغرا ئېيتتى. بۇنى هېچكىمدىن كۆرۈشكە بولمايدۇ. بۇ بىر تاسادىپىي ۋەقە، — دېدى دوختۇر پىل، — ئىشەنچىم كامىلكى، بېگىموت ئەپەندىمۇ تېز ئوڭـ. شىلىپ كېتىدۇ.

ئارىدىن ئون نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. بېگىموت ئەپەنـ.

دىمۇ دوختۇر پىلنىڭ ئېيتقىنىدەك تېزلا ئوڭشىلىپ دوخ-
تۇرخانىدىن چىقتى. ئۇنىڭ ساقايغانلىقىنى تەبرىكلەپ سې-
رىق تۇمشۇق ئۆردەك چۇجىسى ۋە ئۇنىڭ بارلىق دوستلىرى
يىغىلىپ ئۇنى قىزغىن كۇتۇۋالدى. ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرى-
دە شادلىق ئۇچقۇنى چاقنايتتى، ئاغزىلىرىدىن شوخ پاراڭ،
قىزىق چاقچاقلار ئۆكسۈمەيتتى، چىرايىدىن كۈلكە ئۆچمەيت-
تى. گويا ئىلگىرى ھېچقانداق كۆڭۈلسىزلىك بولۇپ ئۆتمى-
گەندەكلا ئىدى.

كۆڭۈللۈك ئويۇن ـ تاماشا بىرنەچچە كۈن داۋام قىلغاند-
دىن كېيىن، بېگىموت ئەپەندىنىڭ قايتىش ۋاقتىمۇ توشۇپ
قالدى. ئۇ يولغا چىقىش ئالدىدا ئۇنى سېرىق تۇمشۇق ئۆر-
دەك چۇجىسى ۋە ئۇنىڭ بارلىق دوستلىرى ئۇزىتىپ
چىقتى ۋە ئۇنىڭغا ئۇزلىرى تەييارلىغان سوۋغاتلارنى
يوللۇق تۇتتى.

— مەن سىلەرنىڭ سالىمىڭلارنى ئافرىقىدىكى كىچىك
دوستلارغا يەتكۈزىمەن، — دېدى بېگىموت ئەپەندى ئۇلار چىن
قەلبىدىن قايتا ـ قايتا رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ
كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلار مەرۋايىتتەك يالتىراپ تۇرات-
تى، — مەن سىلەرنى — بۇ يەردىكى مېھماندوست، قىز-
غىن، جۇشقۇن ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان، باشقىلارنىڭ
قىيىنچىلىقىغا خۇددى ئۆزىنىڭ ئىشىدەك كۆڭۈل بۆلۈپ
ياردەم قىلىدىغان ئاق كۆڭۈل كىچىك دوستلارنى قەتئىي
ئۇنتۇمايمەن.

ئۇ كەتتى. خەير خوش دېگەن ئاۋاز ۋە قول پۇلاڭلىتىش-
لار ئۇ كۆزدىن غايىب بولۇپ، ئۇپۇققا سىڭىپ كەتكۈچە
توختىمىدى...

# «ئۈچار پۈت»نى زىيارەت قىلىش

كەپسىز مايمۇنچاقنىڭ «هايۋانات تەنتەربىيىسى» گېزى-
تىنىڭ مۇخبىرلىقىغا قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىنكى تۇنجى
ئىشى ئافرىقىغا بېرىش بولدى. ئۇنىڭ ئافرىقىغا بېرىشتىكى
ئاساسىي مەقسىتى قانداقتۇر ئۇ جايدا ساياھەت قىلىش ئە-
مەس، بەلكى بۇ يىلقى تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدە قۇملۇقتا
يۈگۈرۈش تۈرىدە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشكەن تۆگىقۇش ھەققى-
دە تەپسىلىيرەك خەۋەر بېرىش، شۇنداقلا كەڭ مۇشتىرىلار-
نىڭ بۇ گېزىتكە بولغان قىزىقىشىنى ئاشۇرۇپ، گېزىتنىڭ
تىراژىنى ھەسسىلەپ كۆپەيتىش ۋە بۇ ئارقىلىق گېزىتخانىدى-
كىلەرگە ئۇنى مۇخبىرلىققا قوبۇل قىلىپ قىلچە زىيان تارت-
مىغانلىقىنى، ئەكسىچە غايەت زور پايدىغا ئېرىشكەنلىكىنى
بىلدۈرۈپ قويۇش ئىدى. ئۇنىڭ بۇنداق ئۆزىنى كۆرسىتىش
ھەۋىسىنى بەك خاتا دەپ كەتكىلى بولمايتتى، ئەلۋەتتە.
چۈنكى، ئۆزىنى جەمئىيەتنىڭ بالدۇراق ئېتىراپ قىلىشىنى
قوغلىشىش بارلىق ياشلاردىكى تەبىئىي ۋە ئومۇمىي خۇسۇ-
سىيەت ئىدى. كەپسىز مايمۇنچاق ئافرىقىغا بېرىپلا سىرلىق
سەھرايى كەبىردە ياشاۋاتقان تۆگىقۇشنى تاپتى. ئۇ ئۆزىگە
ناتونۇش بولغان ئافرىقا مەنزىرىلىرىنى قانغۇدەك كۆرۈۋېلىش
نىيىتى بولسىمۇ، ئالدى بىلەن قىلماقچى بولغان ئىشىنى
تۈگىتىش قارارىغا كەلدى. ئەگەر ئۇنداق قىلمىغاندا گېزىت-
خانىدىكى ئىشداشلىرىنىڭ ئاغزىدىن زىيارەت قىلىش باھانى-
سىدە ئويۇنغىلى باردى دېگەندەك گەپ ـ سۆزلەرنىڭ چىقى-
شىنى توسۇۋالغىلى بولمايتتى.

تۆگىقۇش ئۇنىڭ كېلىش مەقسىتىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتى.

— مەن ھازىرغىچە مۇخبىرنى كۈتۈۋېلىپ باقمىغان، — دېدى ئۇ.

كەپسىز مايمۇنچاق مۇخبىرلارغا خاس كۆز بىلەن تۆگىقۇشنى كۆزىتىپ چىقتى. تۆگىقۇش قۇشلارنىڭ ئەڭ چوڭى، گەرچە ئۇنىڭ قانىتى بولسىمۇ، بىراق ئۇچالمايدۇ. ئۇنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى مېڭىشقا ماھىر، يول يۈرۈشتە «ئۇچار پۇت» دېگەن ياخشى نامى بار. ئۇنىڭ ئىككى يوغان پۇت بارمىقى بولۇپ، ئۇنىڭ زور گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرالايدۇ. پۇت بارمىقىنىڭ ئاستىدىكى تېرە كۆپۈپ چىقىپ گۆش پېتەك ھاسىل قىلغان بولۇپ، قۇملۇقتا يۈگۈرۈشكە ئىنتايىن قولايلىق ھەم قۇمغا چۆكۈپ كەتمەيدۇ، قىزىپ كەتكەن قۇملارنىڭ تاپىنىنى كۆيدۈرۈشىدىنمۇ قورقمايدۇ.

كەپسىز مايمۇنچاق كۆزىتىشنى توختىتىپ، خىيالىنى يىغدى.

— قۇشلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ھەققىدە سۆز بولغاندا، نۇرغۇن كىشىلەر ئافرىقا قىتئەسىدە ياشايدىغان تۆگىقۇش ھەممىدىن چوڭ دېيىشى مۇمكىن، — دېدى ئۇ، — بۇمۇ سىزنىڭ بىر مەشھۇر ھايۋان ئىكەنلىكىڭىزنى ئىسپاتلايدۇ.

— ھازىرقى ۋاقىتلاردا شۇنداق، — دېدى تۆگىقۇش ئويغا چۆمۈپ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دەپ سورىدى كەپسىز مايمۇنچاق ھاڭ - تاڭ قالغىنىچە.

— مېنىڭ ئېغىرلىقىم بىر يۈز ئەللىك نەچچە كىلە-

لوگرام، ئېگىزلىكىم 2.75 مېتىر بولۇپ، ھەقىقەتەنمۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ قۇش ھېسابلىنىمەن. ھەربىر چامدى-مىم يەتتە مېتىر يەرگە بارىدۇ. گەرچە ئۇچالمىساممۇ، ئا-دەتتىكى يەرلەردە سائىتىگە سەكسەن كىلومېتىر تېزلىكتە چاپالايمەن.

تۆگىقۇش بىردەم تۇرۇۋېلىپ ئاندىن بوش ئاۋازدا يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئىلگىرى يەر شارىدا مېنىڭدىنمۇ چوڭ بىر خىل قۇش ياشىغان. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى بەش مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، 1660 ـ يىللىرى يەر شارىدا مەۋجۇت ئىدى. شۇ-نىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ نەسلى تۈگەپ كەتتى. بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي: بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ گۆشى تەملىك. ئىك-كىنچىدىن، پەيىنى ياستۇقلارغا قاچىلاپ ئىشلىتىشكە بولى-دۇ. ئۈچىنچىدىن، ئۇ ئۇچالمايدۇ. قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچى تۆۋەن بولغانلىقتىن، ئىنسانلار تەرىپىدىن يوقىتىۋې-تىلدى.

كەپىسىز مايمۇنچاق تۆگىقۇشىغا ئوخشاشلا قايغۇلۇق، ھەسرەتلىك كەيپىياتقا ئەسىر بولدى. ئاشۇ بىچارە قۇشقا ئىچىندى. ئىنسانلارنىڭ سەۋەبىدىن نەسلى قۇرۇپ كەتكەن ھايۋان ئازمۇ؟ ھازىرمۇ ئۇلارنىڭ پائالىيىتى نەتىجى-سىدە كۈنىگە يۈز خىل ھايۋاننىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىۋاتامدۇ؟!

— ئاڭلىسام، ئافرىقىنىڭ جەنۇبىدىكى ئورمانلىقلاردا ئېغىرلىقى بىر مىڭ ئىككى يۈز نەچچە كىلوگرام، بويىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئۈچ مېتىر كېلىدىغان بىر خىل قۇش بولۇپ، ئۇ ئىككى قانىتىنى ئاچسا بىر كىچىك ئايروپىلاننىڭ

قانىتىغا ئوخشاپ كېتىدىكەن. كىچىك ھايۋانلارنى تۇتۇپ يەپ ھايات كەچۈرىدىغان بۇ خىل قۇش ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچ-قا، يەرلىك ئىنسانلار ئۆلارنى تورلۇك ئامالار بىلەن تۇتۇۋې-لىپ، قاناتلىرىنى قىرقىۋېتىپ، بوينىنى ئارغامچا بىلەن باغلاپ، بىر مەزگىل قېتىرقىنىپ ئۆگەتكەندىن كېيىن كالا ئورنىدا يەر تېرىشقا سالىدىكەن. بىر قۇش بىر كالىنىڭ رولىنى ئوينايدىكەن، — دېدى كەپسىز مايمۇنچاق ئۇزاق سۈ-كۈتتىن كېيىن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، — بۇ خىل قۇشنى قانداق قۇش دەيمىز؟

— مەنمۇ ئۇ قۇش توغرىسىدا نۇرغۇن گەپلەرنى ئاڭلى-غان، لېكىن ئانچە ئىشەنمەيتىكەنمەن، — تۆگىقۇش سەل ئوڭايسىزلانغاندەك بولدى.

— ئۇ باشقا بىر تۈردىكى قۇشمۇ ياكى قۇشنىڭ يەنە بىر خىلىمۇ بۇنى بىلەلمىدىم.

— ئەگەر ئۇ باشقا بىر تۈردىكى قۇش بولسا، ئۇنداقتا دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ قۇش دېگەن نام ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولىدۇ. ئەگەر تۆگىقۇشنىڭ يەنە بىر خىلى بولسا، ئۇ ھالدا... ، — دېدى تۆگىقۇش ئويلىنىپ.

— سىز چوڭ بولغاندىكىن تۇخۇمىڭىزمۇ ھەرقانداق قۇشنىڭ تۇخۇمىدىن چوڭ بولىدىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى كەپسىز مايمۇنچاق گەپنىڭ تېمىسىنى يۆتكەپ.

— شۇنداق، — دېدى تۆگىقۇش مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، — ھازىر دۇنيادا ئەڭ چوڭ تۇخۇم مېنىڭ تۇخۇمۇم بولۇپ، ئۇنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون بەش ـ يىگىرمە سانتى-مېتىر، ئېغىرلىقى 1.65 ـ 1.75 كىلوگرام كېلىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا بىر كىلوگرام توخۇ تۇخۇمى يىگىرمە دانە

ئۆپچۆرىسىدە كېلىدۇ. مېنىڭ بىر دانە تۇخۇمۇم ئوتتۇز
ئۈچ - ئوتتۇز بەش توخۇ تۇخۇمىغا باراۋەر كېلىدۇ. يەنە
ئۇنىڭ شاكىلىمۇ ناھايىتى قېلىن بولۇپ، 2.5 مىللىمېتىر
كېلىدۇ. توقسان كىلوگراملىق بىر ئەر كىشى دەسسىسىمۇ
چېقىلىپ كەتمەيدۇ. ئەگەر قايناتسا، قىرىق مىنۇتتىمۇ
پىشمايدۇ.

— بىراق، — دېدى ئۇ، — 1981 - يىلى ئاۋستراليد-
لىك ۋېك سىكوتس ھىندى ئوكياننىڭ دېڭىز قىرغىقىدىن
ناھايىتى زور بىر قۇش تۇخۇمى تاپقان. بۇ تۇخۇمنىڭ ئۇزۇن-
لۇقى ئۈچ يۈز مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى ئالتە كىلوگرام
بولۇپ، ئادەتتىكى توخۇ تۇخۇمىدىن بىر يۈز ئوتتۇز بەش
ھەسسە چوڭ ئىكەن. بۇ ھازىرغىچە تېپىلغان ئەڭ چوڭ قۇش
تۇخۇمى ھېسابلىنىدىكەن. ئەپسۇسكى، كەم ئۇچرايدىغان بۇ
يوغان قۇش تۇخۇمىنىڭ قانداق قۇشنىڭ تۇخۇمى ئىكەنلىكى
تېخى سىر پېتى تۇرۇۋاتماقتا ئىكەن.

— سىز ئۆزىڭىز ياشاۋاتقان مۇھىت ھەققىدە ئازراق
سۆزلەپ بەرسىڭىز قانداق؟ — دېدى كەپسىز مايمۇنچاق تۆ-
گىقۇش سۆزلەپ بەرگەن ئەھۋاللارنى خاتىرە قالدۇرۇۋېتىپ.

— سەھرايى كەبىر چۆلى — دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ
چۆلدۇر، ئۇ غەربتە ئاتلانتىك ئوكياندىن باشلىنىپ، شەرقتە
قىزىل دېڭىز بويىغىچە بارىدۇ. ئۇنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن
بەش مىڭ ئالتە يۈز كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن
سەككىز مىليون كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئاۋستراليد-
دىن چوڭراق چىقىدۇ. ئۇ نۇرغۇنلىغان چوڭ - كىچىك
قۇملۇقلاردىن تەركىب تاپقان، ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى ئىككى
يۈز - ئۈچ يۈز مېتىر كېلىدۇ. يەر شەكلى تەكشى، ئوتتۇرا

قىسمى ئېگىز تاغلىق بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئۈچ مىڭ تۆت يۈز ئون بەش مېتىر كېلىدىغان كۇسى تېغى سەھرايى كەبىر چۆلىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققا ھېسابلىنىدۇ. شەرقىي جەنۇب قىسمىدىكى كاتارا ئويمانلىقى دېڭىز تەكشى-لىكىدىن بىر يۈز ئوتتۇز ئۈچ مېتىر پەس چىقىدۇ.

— تېخىمۇ كونكرېتراق سۆزلەپ بەرگەن بولسى-ڭىز، — دەپ ئۆتۈندى كەپسىز مايمۇنچاق.

تۆگىقۇش بېشىنى لىڭشىتتى.

— سەھرايى كەبىر چۆلىنىڭ تېمپېراتۇرىسىدا كۈنلۈك سېلىشتۇرما پەرق ۋە يىللىق سېلىشتۇرما پەرق ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى ئەللىك مىللى-مېتىرغا يەتمەيدۇ. بەزى جايلاردا ئادەتتىكى يىللاردا ھاۋا ئوچۇق، ئاپتاپ كۈچلۈك بولۇپ بىر تامچىمۇ يامغۇر ياغماي-دۇ، ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر ناھايىتى ئاز. شۇڭا، ئۇ «چۆللەرنىڭ چۆلى» دەپ ئاتالغان. «سەھرا» ئەرەب تىلىدا «قۇرۇق»، «ھېچ نەرسە يوق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

— بۇ ئىسمىنى قويغۇچىلارنىڭ كۆزى قارىغۇكەن، — دېدى كەپسىز مايمۇنچاق خاپا بولۇپ، — كىلىماتى قۇرغاق، تۇپرىقى شورلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، يۇلغۇن، سېرىس قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر قەيسەرلىك بىلەن ئۆسىدىغانلىقىنى، قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق، تېز يۈگۈرىدىغان ھايۋانلاردىن پا-ۋىيان، تۆگىقۇش، بۆكەن قاتارلىقلار ياشايدىغانلىقىنى، يەنە بىر لوكىلىق تۆگىدىن بەش مىليون تۇياق بولۇپ، دۇنيا تۆگە ئومۇمىي سانىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى بىل-مەمدىكىنە؟!

— كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدا، سەھرايى كەبىر بىپايان

قۇم دېڭىزى، «گىياھ ئۈنمەس جاي» ھېسابلىنىدۇ. ئەمەلى-يەتتە، بۇ يەردە يەنە ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان تاغ چوققىلى-رى، تاشقاتما قالدۇقلار ئورمانلىقى، قۇرۇپ كەتكەن دەريا قىنى، تۇز كۆلىنىڭ قالدۇق ئىزلىرى ۋە بوك - باراقسان خورما ئورمانلىقلىرى بار. تېخىمۇ مۇھىمى، بۇ يەر تېخى ئېنېرگىيە مەنبەسى ۋە كان مەھسۇلاتلىرى خەزىنىسىدۇر.

— سەھرايى كەبىرنىڭ ھەممە يېرىنىڭ مۇھىتى ئوخشاشمۇ؟

— ياق، سەھرايى كەبىرنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئىككى تەرىپى قۇرغاق ئويمانلىقتىن ئىبا-رەت. ئەڭ قۇرغاق بولغان ئوتتۇرا سەھرايى كەبىر رايونىدا بەزىدە قاتتىق يامغۇر يېغىپ، سەل كېلىپ، لاي - قۇملار-نىڭ ئېقىشى ئېغىر بولىدۇ. شىمالىي سەھرايى كەبىردە قىش پەسلىدە يامغۇر ياغىدۇ، بۇ يامغۇر ئانچە مول بولمىسىمۇ، لېكىن بىرقەدەر تۇراقلىق بولغاچقا، خۇددى چۆلدىكى كى-چىك - كىچىك ئەگمە ئاراللارغا ئوخشاش بەزى بوستانلىقلار بارلىققا كەلگەن. جەنۇبىي سەھرايى كەبىرنىڭ ئەھۋالى دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، يامغۇر مەۋسۇمى يازدا بولىدۇ. ھۆل - يېغىن يىلدا بولۇپ تۇرسىمۇ، مىقدارى ئىنتايىن ئاز. خورما — بوستانلىقتىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئۆسۈملۈك بولۇپ، پۈتۈن سەھرايى كەبىردە تەخمىنەن ئوت-تۇز مىليون تۈپ خورما دەرىخى بار. ئۇ پۈتۈن دۇنيادىكى خورما دەرىخىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ.

— پايانسىز سەھرايى كەبىردە قۇرۇپ كەتكەن دەريا قىنى قاتارلىقلار بار دېگەندەك گەپلەرنى قىلغانىدىڭىز. بۇ-نىڭغا ئاساسلانغاندا، ئىلگىرى بۇ يەردە چوڭ دەريا بولغان

دەپ ھۆكۈم چىقىرىشقا بولىدۇ، سىزمۇ شۇنداق قاراي-
سىز؟ — دەپ سورىدى يەنە كەپسىز مايمۇنچاق.
— يىراق قەدىمكى دەۋرلەردە، سەھرايى كەبىرنىڭ كى-
لىماتى بىر قەدەر مۆتىدىل ۋە نەم ئىدى، — دېدى تۆگىقۇش
خۇددى ئانا ماكانىنىڭ ئەنە شۇ تارىخىنى ئۆز كۆزى بىلەن
كۆرۈۋاتقاندەك ھاياجانلىنىپ، — ئارخېئولوگلار بىرمۇنچە
جايلاردىن قەدىمكى زاماندىكى ئىنسانلار پاناھ جاي قىلغان
ئۆرغۆن تەبىئىي ئۆڭكۈرلەرنى تاپقان. ئۆڭكۈرنىڭ تاش تاي-
لىرىغا مول مەزمۇنلۇق تام رەسىملىرى ئويۇلغان. ئالىملار-
نىڭ قارىشىچە، بۇنىڭدىن ئالتە مىڭ يىل ئىلگىرى، بۇ
يەرنىڭ تاغ باغىرلىرى ئارىبو قارىغىيى ۋە تۈت پەسلىنىڭ
ھەممىسىدە كۆكىرىپ تۇرىدىغان دۇب دەرىخى بىلەن قاپلان-
غان، ھازىرقى قۇملۇق ۋە تاشلىقتا قۇرۇپ ياتقان دەريا
قىنىنىڭ ئىزىدا ئەينى ۋاقىتتا چوڭ دەريا بولغان. قىسقى-
سى، بۇ جاي قوي - كالىلار توپ - توپ يۈرۈشكەن، قۇشلار
ئۇچۇشۇپ، يىرتقۇچ ھايۋانلار دەۋر سۈرۈشكەن، بېلىقلار
ئەركىن ئۈزۈشكەن جاي بولغان. ئىنسانلار يېڭى تاش قورال-
لار دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، دېھقانچىلىق بىلەن جان
باققان. سەھرايى كەبىرنىڭ شەرقىي ئۇچىدىكى مىسىردىن
تارتىپ غەربىي ئۇچىدىكى ماۋرىتانىيىگىچە، ئەينى چاغدىكى
قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئورتاق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىش-
كەن. كېيىن كىلىمات ئۆزگىرىپ كېتىپ، يېشىل سەھرايى
كەبىر ئاھالىلىرى ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان.
تۆگىقۇشنىڭ تەلەپپۇزىدىن، ھېسسىياتىدىن ئۆز يۇرتى-
غا بولغان چەكسىز مېھىر - مۇھەببەت چىقىپ تۇراتتى.
كەپسىز مايمۇنچاق سەھرايى كەبىرنىڭ بۇ جەسۇر پەرزەنتىگە

ئىچ - ئىچىدىن قايىل بولدى ۋە ئۇنىڭ ئانا يۇرتىنىڭ كېلە-
چەكتە يەنە قايتىدىن ياپپېشىللىققا ئايلىنىشىغا چەكسىز ئى-
شەنچ باغلىغانلىقى يىراققا نەزەر سېلىۋاتقان مەغرۇرانە تۇر-
قىنى بىرنەچچە قېتىم سۈرەتكە تارتىۋالدى.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە سۆزلىشە - سۆزلىشە ۋاقىتنىڭ تېز
ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قېلىشتى. ئۇشتۇمتۇت كۆ-
تۈرۈلگەن بوران كەپسىز مايمۇنچاقنى ئالاقزادىلىككە
سېلىۋەتتى.

— قورقماڭ، مەيەرگە كىرىۋېلىڭ، — دېدى تۆگىقۇش
قانىتىنى كېرىپ.

كەپسىز مايمۇنچاق بورانغا قىلچە پىسەنت قىلماي قويمى-
غان تۆگىقۇشنىڭ قانىتى ئىچىگە كىرىۋالدى. سەھرايى كە-
بىردە بوران شىددەتلىك ھەم كۈچلۈك چىقاتتى. كەپسىز
مايمۇنچاق بوران ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە چاڭ - توزانلار
ئۇچۇپ، يەر - زېمىن قاراڭغۇلىشىپ كېتىدىغان ئەھۋالنى
ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغانىدى. يېنىدا ئۇنى قانىتى بىلەن
مۇھاپىزەت قىلىدىغان تۆگىقۇش بولمىغىنىدى، ئۇنىڭ بو-
راندا قالغان چاغدىكى ھاياتىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايتتى.

— بوراننىڭ سۈرئىتى نېمىدېگەن تېز، — دېدى كەپ-
سىز مايمۇنچاق بوران توختىغاندىن كېيىن بىخەتەر ۋە ئىس-
سىق قانات ئاستىدىن چىقىپ، ئۇ ئەتراپتىكى تونۇغۇسىز
دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتكەن مەنزىرىگە قاراپ تېخىمۇ ھەيران
قالدى.

— بوران پادىشاھى دەپ نام ئالغان ئون ئىككى باللىق
تەيفېڭ بورىنىنىڭ سۈرئىتى سائىتىگە بىر يۈز ئون يەتتە
كىلومېتىردىن ئوشۇق بولۇپ، تەخمىنەن سېكۇنتىغا ئوتتۇز

ئىككى مېتىردىن توغرا كېلىدۇ. بايىقى چاڭ ـ توزانلىق
بورانىنىڭ سۈرئىتى ئۇنىڭغا يەتمىسىمۇ كۆپلىگەن قۇمساڭ
توپىلارنى ئاتلانتىك ئوكيانغا ئەكېتەلەيدۇ، — دېدى تۆگە-
قۇش، — يېشىل تۇمشۇقنىڭ غەربى، كانارى تاقىم ئاراللى-
رىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇزۇنلۇقى ئىككى مىڭ بەش يۈز كىلو-
مېتىر، كۆلىمى ئالتە مىليون نەچچە يۈز مىڭ كۋادرات كىلو-
مېتىر كېلىدىغان دېڭىز تەۋەلىكىدە «دېڭىز تېگىدىكى سەھ-
رايى كەبىر» بايقالدى. دېڭىز تېگىدىكى چوڭقۇندىلەر ئارىسى-
دىن سەھرايى كەبىردىن كەلگەن كۆپلىگەن كۋارتىس دانچى-
لىرى تېپىلدى.

— زىيارىتىمنى قوبۇل قىلغانلىقىڭىزغا رەھمەت، —
دېدى مۇخبىر كەپسىز مايمۇنچاق، — ئىشىنىمەنكى، سىز
ياشاۋاتقان مۇشۇ ناچار مۇھىتتا قەيسەرلىك بىلەن ياشاۋاتقان
سىزگە ئوخشاش جەسۇر ھايۋانلار مۇشتىرىلىرىمىزنىڭ دىق-
قىتىنى قوزغايدۇ، شۇنداقلا سىلەرگە ئاپىرىن ئوقۇيدۇ.

كەپسىز مايمۇنچاق تۆگىقۇش بىلەن خوشلاشتى- دە،
كەلگەن يولى بىلەن قايتماقچى بولۇپ ماڭدى.

ئۇ ئۇشتۇمتۇت ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان بىرنەچچە
يىرتقۇچنى كۆرۈپ ھودۇقىنىدىن تۇرۇپلا قالدى. ئەتراپىدا
ئۆزىنى دالدىغا ئالغۇدەك يەرمۇ يوق ئىدى. يىرتقۇچلارنىڭ
كۆزىدىن چاقناپ تۇرغان سوغۇق نۇر ئۇنىڭ بەدىنىنى تېشىپ
ئۆتكەندەك شۇركەندۇرۇۋەتتى. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۇ
ئەلھۆكىمىلىللا دېمەي ئامال يوقلۇقىغا، قېچىپ قۇتۇلۇشنىڭ
مۇمكىن ئەمەسلىكىگە كۆزى يەتتى. ئۇ يورۇق دۇنياغا ئا-
خىرقى قېتىم، يىرتقۇچلارغا بولسا غەزەپ بىلەن قارىدى ـ
دە، كۆزلىرىنى يۇمدى. ئۇ ئۆلۈمنى مۇشۇنداق كۈتۈۋالماق-

چىدى. دەل شۇ چاغدا ئارقا تەرەپتىن ھەيۋەتلىك ھۆركىرى-گەن ئاۋاز ئاڭلاندى. كەپسىز مايمۇنچاق ھەيران بولۇپ كۆ-زىنى ئاچتى. يىرتقۇچلار بولسا ئۆزىگە كەلگەن خەۋپنى سەز-گەندەك ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپلا قاچتى ـ دە، ھەش ـ پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىب بولدى.

«يىرتقۇچلارنى قورقۇتىۋەتكەن نېمىدۇر؟» كەپسىز مايمۇنچاق تازا زەن سېلىپ قارىۋېدى، بىر قوم بارخىنىنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان تۆگىقۇشنى كۆردى.

— يىرتقۇچلارنى قاچۇرۇۋەتكەن سىز ئىكەنسىز ـ دە، — دېدى كەپسىز مايمۇنچاق خۇشال بولۇپ تۆگىقۇش يېقىن كەلگەندە، — ئاۋازىڭىز نېمىدېگەن ھەيۋەت. مەن سىزنىڭ ئۇنداق قاتتىق ئاۋازدا ھۆركىرىيەلەيدىغانلىقىڭىزنى خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىكەنمەن.

— ئۇ شىرنىڭ ھۆركىرەش ئاۋازى، بىز ياشاش جەريا-نىدا ئۆزىمىزنى قوغداش ئۈچۈن ئۆگىنىۋالغان بىرخىل ماھا-رەت. راستىنى ئېيتسام، بىز شىرنى دوراپ ھۆركىرىسەك ھەقىقىي شىرنىڭ ئاۋازىدىن قەتئىي پەرقلەنمەيدۇ.

— ياللا، مۇنداقمۇ ھۈنىرىم بار دەڭ.

— سەللا كىچىككەن بولسام تۆگىشىپ كەتكەن بولاتتى-ڭىز. ئۇلاردىن قېچىپ قۇتۇلۇش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار نامى يۇگۇرۇك ھەم چاققانلىقى بىلەن مەشھۇر بولغان گېپارد.

— سىزگە كۆپ رەھمەت. مېنى ئىككىنچى قېتىم ئۆ-لۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويدىڭىز، — دېدى كەپسىز مايمۇن-چاق. ئۇ شۇنى بىلەتتىكى، ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش داۋامىدا ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆزىگە خاس ماھا-

رەتنى يېتىلدۈرگەن، ئۆتكۈر كۆرۈش سەزگۈسى، ئاڭلاش سەزگۈسى ۋە پۇراش سەزگۈسى ۋە قوغدىنىش خۇسۇسىيىتى بولغان ماھارەتكە ئىگە. يەنە كېلىپ، ھەممىسى يۇگۇرۇشكە ماھىر، تۆگىقۇش ھوشيارلىقى، ئۆتكۈر كۆرۈش سەزگۇسىگە تايىنىپ، ئۇنىڭ گىپاردىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغانلىقىنى بىلىپ شىرغا ئوخشىتىپ ھۆركىرىگەن، شۇنىڭ بىلەن يىرتقۇچلار قېچىپ كەتكەن.

ئۇ گەرچە خىلمۇ خىل خەتەرگە يولۇققان بولسىمۇ، كۆڭلىدە بۇ يەرگە كەلگىنىگە ھېچقانداق پۇشايمان ھېس قىلمىدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىگە دۇچ كېلىدىغان خېيىمخەتەر ۋە تۈرلۈك قىيىنچىلىقلاردىن قورقسا نۇرغۇن ئىشلارنى كۆرۈشتىن، بىلىشتىن مەھرۇم بولىدىغانلىقىنى، ھېچ ئىشنى باشقا ئاچىققىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى.

## ئىسسىق بەلۋاغ يايلىقىدىكى ھايات - ماماتلىق جەڭ

كەپسىز مايمۇنچاق ئافرىقىغا كېلىپ ھەرگىز زىيان تارتمىغانلىقىنى بارغانسېرى تېخىمۇ ھېس قىلدى، كېلىماذجارو تېغىدىكى قارلىق چوققىلار بىلەن ئىسسىق بەلۋاغ يايلاقلىرىنىڭ بىر - بىرىگە نۇر چېچىپ تۇرىدىغان ھەيۋەتلىك مەنزىرىسى بىلەن بۇ يەردە ياشاۋاتقان خىلمۇ خىل ھايۋانلارنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

«ئافرىقا» لاتىن تىلىدا «پىژقىرىما ئاپتاپ» دېگەنلىك بولۇپ، ھەقىقەتەن ئىسمى - جىسمىغا لايىق كېلىدىكەن.

ئېكۋاتور سىزىقى چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى توغ-رىسىغا كېسىپ ئۆتىدىكەن، پۈتۈن قىتئەنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى جەنۇبىي، شىمالىي تروپىك سىزىقىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆپ قىسىم رايونلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرى-چە تېمپېراتۇرىسى يىگىرمە سېلسىيە گرادۇستىن يۇقىرى بولىدىكەن. قىزىقى شۇكى، ئېكۋاتور رايونىدىكى تۇزلەڭلىك ۋە جىلغىلار قاسقانغا ئوخشاش قىزىق بولۇپ، كىشىلەر چى-پىلداپ تەرلەپ تۇرسا، ئېگىز تاغ چوققىلىرى ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، سوغۇق ھاۋا سۆڭەكتىن ئۆتىدىكەن.

ئافرىقىنىڭ ئېكۋاتورغا يېقىن جايلىرىدا دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى بەش مىڭ مېتىردىن ئاشىدىغان تاغلاردىن كېنىيە تېغى، زۇۋېنىزورى تېغى ۋە كىلىمانجارو تاغلىرى بولۇپ، «ئافرىقا چوققىسى» دەپ ئاتىلىدىغان ئۇزۇنلۇقى ئاران يەتـ-مىش نەچچە كىلومېتىر كىلىمانجارو تېغىنىڭ دېڭىز يۈزى-دىن ئېگىزلىكى بەش مىڭ سەككىز يۈز توقسان بەش مېتىر كېلىدىكەن. بۇ تاغ چوققىسىدا دىئامېتىرى تەخمىنەن بىر مىڭ سەككىز يۈز مېتىر كېلىدىغان، ئويمانلىققا ئوخشايدى-غان بىر يانار تاغ ئېغىزى بار ئىكەن. تاغ قاپتىلى ھەمىشە تۇمان بىلەن قاپلىنىپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى-نى كۆرمەك ئاسان ئەمەسكەن. قاش قارايغان چاغدا، بەزىدە ئۇنىڭ قىياپىتى بىردىنلا كۆرۈنۈپ قالىدىكەن. ئۇ يەنە خرۇستال خان تاجىغىمۇ ئوخشاپ كېتىدىكەن. چۈنكى قۇ-ياشنىڭ قالدۇق نۇرىدا گاھىدا سۇس قىزىل رەڭدە كۆرۈنسە، گاھىدا سۇر رەڭ، سۆسۈن كۆك رەڭدە ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن.

كەپسىز مايمۇنچاق قارلىق تاغ ئېتىكىگە تارقاق ئولتۇ-

راقلاشقان ۋە كىلىمانجارو تېغىنى ئەڭ بۇرۇن بايقىغان ۋاچ-گالار ئارىسىدا تارقالغان مۇنداق بىر رىۋايەتنى ئاڭلىدى:

— يىراق قەدىمكى زاماندا، ئاسمان ئىلاھى ئېنخى تاغ چوققىسىغا كۆچۈپ بېرىپ، ئۆز خەلقىنى ئېگىزدىن كۆرۈپ تۇرۇشنى ئويلاپتۇ. يالماۋۇز ئۇنىڭ بېرىشىنى ياخشى كۆر-مەپتۇ ۋە تاغ ئىچىدىن مەشئەل يېقىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن تاغ ئېغىزىدىن ئوتتەك لاۋا ئېتىلىپ چىقىپتۇ. ئېنخى ئىلاھ دەرغەزەپ بولۇپ، شامال ۋە يامغۇرنى چاقىرغانىكەن. بىر-دىنلا قارا يامغۇر يېغىپتۇ ھەمدە بىر ھازا مۆلدۈر چۈشۈپ، يانار تاغ ئېغىزىنى تولدۇرۇۋېتىپتۇ. يالماۋۇز ئوتى شۇنىڭ بىلەن مەڭگۈلۈك ئۆچۈپتۇ.

ۋاچگالار كىلىمانجارو تېغىنى «كىمانىنا، ئىنگالا» دەپ ئاتىغان بولۇپ، بۇ «نۇرلۇق گۈزەل تاغ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن، بۇ رىۋايەت قارلىق تاغ ئېتىكىدە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن ۋاچگالارنىڭ گۈزەل ئارزۇ-سىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەن.

ئافرىقا قىتئەسىدىكى ئىسسىق بەلۋاغ يايلىقىنىڭ دائى-رىسى شىمالىي كەڭلىك يەتتە ـ ئون بەش گرادۇس ئارىلى-قىدىكى رايونلارنى، شىمالىي ئافرىقا ئېگىزلىكى، جەنۇبىي ئافرىقا ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىي قىسمى ۋە ماداغاسقار ئارىلى-نىڭ شەرقىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. بۇ يەرنىڭ تېمپېراتۇرىسى دائىم يىگىرمە سېلسىيە گرادۇستىن يۇقى-رى، ھۆل ـ يېغىن كۆپىنچە بىر پەسىلگە مەركەزلەشكەن بولغاچقا، بىر يىل ئىچىدە روشەن ھۆلچىلىك ۋە قۇرغاقچى-لىق مەۋسۇم پەرقى بولىدىكەن. يەنى ھەر يىلى 5 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە، ئافرىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدا ياز بولۇپ،

هۆلچىلىك مەۋسۇم شەكىللەنسە، ئافرىقىنىڭ جەنۇبىي قىس-
مىدا دەل قىش بولۇپ، ھاۋاسى قۇرغاقلىشىپ ۋە ھۆل -
يېغىنى ئازىيىپ، قۇرغاق مەۋسۇم شەكىللىنىدىكەن. 11 -
ئايدىن كېلەر يىلى 4 - ئايغىچە بولغان ۋاقىت ئافرىقىنىڭ
شىمالىي قىسمىنىڭ قىش پەسلى ھېسابلىنىدىكەن. بۇ چاغ-
دا، ئافرىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ھۆل - يېغىن كۆپىيىپ،
ھۆلچىلىك مەۋسۇمى يېتىپ كېلىدىكەن.

ئافرىقا ئىسسىق بەلۋاغ يايلىقىغا تولىسى باشاقلىقلار
ئائىلىسىدىكى قويۇق ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەر تارقالغان بو-
لۇپ، ھەممىسى بالدۇر ئۆسۈش خاراكتېرىگە ئىگە، يوپۇر-
مىقى تار، نەيچىسىمان يۆگەلگەنىكەن. سۇ تەركىبىنىڭ تو-
لىمۇ كۆپ پارغا ئايلىنىپ كېتىشىنى ئازايتىش ئۈچۈن، ئۇ
توپلىشىپ ئۆرە ئۆسىدىكەن، يايلاقتا ئاندا - ساندا ئىنتايىن
يوغان بوباب دەرىخى ۋە كۇنلۇكسىمان سېرىس دەرىخى قاتار-
لىقلار ئۇچرايدىكەن. ھۆلچىلىك مەۋسۇمى بولغاندا، ئۆسۈم-
لۈكلەر بۈك - باراقسان ئۆسۈپ، ھەممە ياق يېشىللىققا
پۈركەنسە؛ قورغاق مەۋسۇمىگە كەلگەندە، دەرەخلەر غازاڭ
تاشلاپ، ئۆسۈملۈكلەر سارغىيىپ، يايلاقتا باشقا بىر خىل
مەنزىرە پەيدا بولىدىكەن. بوباب دەرىخى — ئافرىقا ئىسسىق
بەلۋاغ يايلىقىدىكى تىپىك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان دەرەخ،
شۇنداقلا دۇنيادىكى مەشھۇر دوغىلاق ئۆسۈملۈك بولۇپ ھې-
سابلىنىدىكەن.

كەپسىز مايمۇنچاق تانزانىيە تەۋەلىكىدە بىر توپ بوباب
دەرىخىنى ئۇچراتتى. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى ئاران يىگىرمە ئىك-
كى مېتىرلا كېلىدىكەن. بىراق، ئۇنىڭ ئايلانمىسىنىڭ ئۇ-
زۇنلۇقى قىرىق يەتتە مېتىر، دىئامېتىرى تەخمىنەن ئون

بەش مېتىر بولۇپ، ئوتتۇز ئادەمنىڭ قۇچىقى ئاران يېتىدى-
كەن. ھۆلچىلىك مەۋسۇمىدە، دەرەخ تاجىنىڭ دىئامېتىرى
يۈز نەچچە مېتىرغا يېتىدىكەن. ئۇ سۇنى قانغۇچە ئىچىپ
غولىدا ساقلاپ، قۇرغاق مەۋسۇم كەلگەندە ئاستا - ئاستا
چىقىرىدىكەن. ئۇنىڭ مېۋىسى تەرخەمەكتەك ئۇزۇنچاق،
شىرنىلىك، ئېتى تاتلىق بولۇپ، مايمۇنلار دەرەخكە چىقىپ
ئۇنى ئۈزۈپ يېيىشكە ناھايىتى ئامراق بولغاچقا، ئۇ «باباب
دەرىخى» (مايمۇن بولكىسى دەرىخى) دەپمۇ ئاتىلىدىكەن.
قىزىقارلىقى شۇكى، بۇ خىل دەرەخ توغرىسىغىلا يوغىنىغاچ-
قا، ئۇنىڭ ئاساسىي غولىنىڭ ئېگىزلىكى ئۇنىڭ دىئامېتىرى-
نىڭ ئۇزۇنلۇقىچىلىكمۇ كەلمەيدىكەن.

بىپايان ئافرىقا ئىسسىق بەلۋاغ يايلىقى نۇرغۇنلىغان
چۆپخور ھايۋانلارنى ياخشى ياشاش مۇھىتى بىلەن تەمىنلىگەن
بولغاچقا، بۇ يەرگە توپ - توپ بۆكەن (ئافرىقىدىكى بۆكەن-
نىڭ سۇ ئاستىدا ئۇخلىيالايدىغان كارامىتى بار)، مۈڭگۈز-
لۈك ئات، ياۋا تاغىل ئات، كەركىدان، زىراپە ۋە ئافرىقا
پىلى قاتارلىقلار ماكانلاشقان. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، بۇ
جاي يەنە گۆشخور ھايۋانلاردىن شىر، گىپارد، چىلبۆرە،
سىرتلان قاتارلىقلارنىڭ چۆپخور ھايۋانلارنى قوغلاپ تۇتىدى-
غان ئەڭ ئەپلىك يېرى بولۇپ قالغان.

ئىسسىق بەلۋاغ يايلىقىدا قۇرغاقچىلىق ۋە ھۆلچىلىك
مەۋسۇمى ئالمىشىپ تۇرغاچقا ۋە قۇرغاق مەۋسۇمىدا،
ئوت - چۆپلەر سارغىيىپ قۇرۇپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن،
نۇرغۇن چۆپخور ھايۋانلار ئۇزۇن مۇساپىلىق، پەسىل خاراك-
تېرلىك كۆچۈشكە مەجبۇر بولىدىكەن. گۆشخور ھايۋانلارمۇ
ئۇلارغا ئەگىشىپ كۆچىدىكەن.

كەپسىز مايمۇنچاق شەرقىي ئافرىقىدىكى سېرېنگوت ياي-
لىقىدا ھەيۋەتلىك كۆچۈش مەنزىرىسىنى كۆردى. ھەر يىلى
6 ـ، 7 ـ ئايلاردا بۇ يەردىكى دەريالار قۇرۇپ، ئوت ـ
چۆپلەر شالاڭلاشقان چاغدا، يايلاقتىكى مۈڭگۈزلۈك ئاتلار
ئوتتۇرا قىسىمغا يىغىلىشقا باشلايدىكەن ـ دە، ئاندىن ھەي-
ۋەتلىك «زور قوشۇن» غا ئايلىنىپ، غەربىي شىمالدىكى سۇ
ۋە ئوت ـ چۆپلىرى مول بولغان مەررە دەريا ۋادىسىغا قاراپ
يۈرۈش قىلىدىكەن. 11 ـ ئايغا كەلگەندە، سېرېنگوت يايلى-
قىنىڭ يامغۇر مەۋسۇمى يېتىپ كېلىپ ئوت ـ چۆپلەر قو-
يۇقلاشقاندا، نەچچە مىڭلىغان مۈڭگۈزلۈك ئاتلار يەنە ئۆزلىرىنى
مۇساپىنى بېسىپ، ئۆزىنىڭ كونا يۇرتىغا قايتىپ كېلىدى-
كەن. مۈڭگۈزلۈك ئاتلار بىلەن بىللە كۆچكەنلەردىن يەنە
بۆكەن ۋە ياۋا تاغىل ئاتلارمۇ بار ئىكەن.
كەپسىز مايمۇنچاق بىر زىراپىنى يىراقتىن سۈرەتكە
تارتتى. چىرايلىق ۋە سىپايە كەلگەن زىراپە ئۆزىنىڭ بويىنىنى
سوزۇپ، ئېگىز دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرىنى يەۋاتاتتى. ئەت-
راپتا ئازراق تىۋىش بولسىلا، ئاغزىنى چايناشتىن توختىتىپ
ئىككى قۇلىقىنى دىك قىلىپ ئەتراپتىكى ھەرىكەتنى ھوشيار-
لىق بىلەن كۆزىتەتتى.
كەپسىز مايمۇنچاق زىراپىنى زىيارەت قىلىش قارارىغا
كەلدى.
— ياھ، سىزنىڭ بويىڭىز ئافرىقا پىلىنىڭ بويىدىنمۇ
ئېگىز ئىكەن، — دېدى ئۇ زىراپە بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىش
مەقسىتىنى ئىزھار قىلغاندىن كېيىن.
— سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ بويى — ئىسكىلىتىنىڭ
ئەڭ يۇقىرى يېرىنىڭ ئېگىزلىكىنى كۆرسىتىدۇ، — دەپ

جاۋاب قايتۇردى زىراپە، — مېنىڭ بوينۇم ئۇزۇن. باش چوققىسىدىن ھېسابلىغاندا، تەبىئىي ھالەتتىكى ئېگىزلىكىم 5.5 مېتىر بولسىمۇ، بەدەن ئېگىزلىكىم 3.6 مېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا ئافرىقا پىلىنىڭ بويى 3 مېتىردىن 3.5 مېتىرغىچە بولۇپ، مېنىڭدىن پاكارراق.

— بۇنداق ئېگىز بەدەننى نورمال قان بىلەن تەمىنلەش ئۇچۇن قان بېسىمىمۇ يۇقىرى بولۇش كېرەك، شۇنداقمۇ؟

— دېگىنىڭىز توغرا، — دېدى زىراپە، — مېنىڭ قان بېسىمىم ھايۋانلار ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ قان بېسىمىنىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ.

— سىزنىڭ بۇنداق ئېگىز بولۇشىڭىز ئاساسەن پۇتىڭىز بىلەن بوينىڭىزنىڭ ئۇزۇن بولغانلىقىدا، مېنىڭ بىلىشىمچە، سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ بويۇن سۆڭىكى يەتتە پارچىدىن بولىدۇ. بۇ ئورتاق خۇسۇسىيەت. قارىغاندا سىزنىڭ بويۇن سۆڭىكىڭىز بۇ ئورتاق خۇسۇسىيەتكە بويسۇنمايدىكەن، يەتتە پارچىدىن كۆپرەك سۆڭەك بار ئىكەن.

— مېنىڭ بوينۇممۇ ئوخشاشلا يەتتە پارچە بويۇن ئومۇرتقىسىدىن تەركىب تاپقان. ئەمما ئۇنىڭ ھەربىر ئۇگىسى ناھايىتى ئۇزۇن بولغاچقا، بوينۇم دائىم مىختەك تۇرىدۇ.

— سىزنىڭ بۇ خىل ئاجايىپ بەدەن قۇرۇلۇشىڭىز ئوزۇقلۇقىا ئېرىشىشكە ئالاھىدە پايدىلىقكەن. سىز پەقەت ئۆسۈملۈكلەرنىلا يەيدىكەنسىز. شۇڭا سىزنىڭ پەۋقۇلئاددە ئېگىزلىكىڭىز سىزنى دەرەخ ئۇستىدىكى يوپۇرماقلارنى يېيىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ خىل دەرەخلەر ئىسسىق بەلۋاغلاردا ئۆسىدۇ. لېكىن بۇ يەرلەردە ئوت - چۆپلەر ناھايىتى ئاز بولىدۇ.

— شۇنداق، مېنىڭ بوينۇم ئۇزۇن بولۇپلا قالماي، بېشىممۇ خېلى چوڭ ھەمدە كالپۇكۇممۇ ئۇزىرالايدۇ. ئاغ-زىمنىڭ ئىچىدە ئوتتۇز - قىرىق سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا تىلىم بار. شۇڭا ناھايىتى ئېگىز يەردىكى دەرەخ يوپۇرماقلى-رىنى ھېچقانچە كۈچىمەيلا يېيەلەيمەن. كۆپ تىكەنلىك ئۆ-سۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنىمۇ تىلىمنى يارا قىلماستىن سىيرىۋالالايمەن. لېكىن ئۇزۇن بوينۇم ماڭا ئەپسىزچىلىكمۇ كەلتۈرۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن، تەبىئىي مۇھىتلاردا كىچىك ئېرىقنىڭ سۈيىنى ئىچىشىم قىيىن بولۇپ، دائىم تۇرقۇمنى ئۆزگەرتىشىمگە توغرا كېلىدۇ. ئالدى پۇتۇمنى كېرىپ، كەينى ئىككى پۇتۇمنى ئىلاجىنىڭ بارىچە ئارقىغا سوزغاندا ئاندىن ئۇزۇن بوينۇم تۆۋەنگە ساڭگىلاپ ئاغزىم سۇغا يېتى-دۇ، — دېدى زىراپە ئۆزى تەسۋىرلىگەن ھالەتنى ئەينەن كۆرسىتىپ، — بىراق، مەن ئۇسسۇزلۇققا ناھايىتى چىداش-لىق، بىرنەچچە ئاي سۇ ئىچمەي يۈرەلەيمەن. بۇ، ئەجدادلى-رىم قۇرغاق مۇھىتلاردا يېتىلدۈرگەن بىر خىل ماسلىشىش ئىقتىدارىدىن ئىبارەت.

— زىراپىلەرنىڭ بويۇن سۆڭىكى نېمە ئۈچۈن ئۇزىراپ كەتكەن؟ — دەپ سورىدى كەپسىز مايمۇنچاق ئويلىنىپ.

— ئەجدادلىرىمىز ئىچىدە بەزىلىرىنىڭ بوينى ۋە ئالدى پۇتى ئۇزۇنراق، بەزىلىرىنىڭ قىسقىراق ئىكەن. ئەتراپتىكى مۇھىتتا يېشىل ئوت - چۆپلەر تەدرىجىي ئازايغاندا، مەسى-لەن، چۆپ يەيدىغان ھايۋانلار ھەددىدىن ئارتۇق كۆپىيىپ كەتكەندە، بوينى ۋە ئالدى پۇتى ئۇزۇن زىراپىلەر دەرەخ ئۈستىدىكى يوپۇرماقلارنى يېيەلىگەنلىكى ئۈچۈن ھايات قال-غان. ھېلىقى بوينى ۋە ئالدى پۇتى قىسقىراقلىرى يەيدىغانغا

چۆپ يوق ھەم دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى يىپەلمىگەچكە، تەدرىـ
جىي ھالدا شاللىنىپ يوقالغان.
— بەدىنىڭىزدىكى تور كاتەكچىلەر سىزگە بەك يارىشىـ
دىكەن، — دېدى كەپسىز مايمۇنچاق.
— بۇ يەردىكى ئاساسلىق مەسىلە بەدەنگە يارىشىش ئەـ
مەس، — دېدى زىراپە ئۆنىڭ سۆزىنى تۈزىتىپ، —
زىراپىنىڭ تېرىسىنىڭ رەڭگى ئۇنى قوغدايدۇ، زىراپە دەرەخ
سايىسىدە تورغاندا ئۇنى بايقاش ناھايىتى قىيىن.
— ياۋا تاغىل ئاتنىڭ بوزرەڭ تېنىدىكى رەت - رەت
قارا يوللارمۇ قوغدىنىش رېڭىمۇ؟ — دەپ سورىدى كەپسىز
مايمۇنچاق ياۋا تاغىل ئاتلارنى كۆرسىتىپ.
— ھەئە، ياۋا تاغىل ئاتمۇ ئافرىقىنىڭ بىپايان ئوتلاقلىـ
رىدا توپلىشىپ ياشايدۇ. شىرنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقى بولغان
ياۋا تاغىل ئات ئۆزىنىڭ يەم بولۇپ كېتىشىدىن ھەر ۋاقىت
ھوشيار تۇرىدۇ. مانا كۆرۈپ تۇرغىنىڭىزدەك، ئافرىقىنىڭ
كەڭ ئوتلاقلىرىدا ئوت - چۆپ قاپلىغان يەرلەرمۇ، چۆللەرمۇ
بار. تاغىل ئاتنىڭ بوز رەڭگى مۇشۇ خىل مۇھىتقا سىڭىـ
شىپ كەتكەن بولسىمۇ، شىرنىڭ ئۇنى سېزىۋېلىشىدىن ساقـ
لىنىشى تەس، — دېدى زىراپە چوڭقۇر خورسىنىپ، —
شۇنداقتىمۇ قارا يول ئارقىلىق بوز رەڭگىنى بۇلىماچ قىلىپ
نىقابلاش ئۇنىڭغا زور ئۈنۈم بېرىدۇ.
— چۈشەندىم، خامېلېئوننىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىشىمۇ
ئەنە شۇنداق ئۆزىنى قوغداش ماھارىتىكەن، — دېدى كەپسىز
مايمۇنچاق، — خامېلېئون يەر بېغىرلىغۇچىلار تىپىغا كىرىـ
دۇ. ئىسسىق بەلۋاغدا ياشايدۇ. تەخمىنەن سەككىز خىلغا
ئايرىلىدۇ. كىچىكلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ سانتىمېتىر،

چوڭلىرىنىڭ ئۈزۈنلۈقى ئاتمىش سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۇ-نىڭ ھەممە خىللىرى مۇھىتقا قاراپ رەڭگىنى ئۆزگەرتەلەي-دۇ. مەن ئۇ ھەقتە كۆپ ئاڭلىغان بولساممۇ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئېرىشمىدىم.

— سىز كېلىشتىن ئىلگىرىلا مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچ-راشقان، ئۇمۇ تىرىكچىلىك غېمىدە ئالدىراش يۈرۈۋېرىپتى-كەن، — دېدى زىراپە،— خامېلېئوننىڭ قوغدىنىش رەڭگى ئۆزى تۇرۇۋاتقان مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگى-رىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ كۈشەندىسىگە قارشى كۈرەش قىلىدى-غان قورالى بولمىغانلىقتىن، بەدىنىنى مۇھىت رەڭگى بىلەن ئوخشاش رەڭگە كىرگۈزۈش ئارقىلىق كۈشەندىسىنىڭ ھۇ-جۇمىدىن ئۆزىنى قاچۇرالايدۇ ۋە دىققەتسىزلىك قىلىپ ئۇ-نىڭغا يېقىنلاشقان ھاشاراتلارنى ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن ئۇزۇن تىلىدا يالماۋېتىدۇ.

— «زىراپە» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «يۈگۈرۈك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن، — دېدى كەپسىز مايمۇنچاق.

— ھاياتلىق دۇنياسى كەسكىن رىقابەت. شۇڭا ھايۋانلار ياشاش جەريانىدا ئاجايىپ ئىقتىدارلارغا ئىگە بولغان، زىرا-پىلەرنىڭ ياخشى تەرەققىي قىلغان قۇلىقى ناھايىتى تۆۋەن ئاۋازنىمۇ ئاڭلىيالايدۇ. ئۇنىڭ كۆرۈش ۋە پۇراش سېزىمىمۇ ناھايىتى ئۆتكۈر. ئادەتتە دۈشمەن ئەھۋالى سېزىلگەن ھامان قېچىپ كېتەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۇزۇن ھەم يوغان پۇتى سائىتىگە يۈز نەچچە چاقىرىم يۈگۈرەلەيدۇ. شۇڭا بۇ ئىسىم قويۇلغان.

— ئاۋۇ تەرەپكە قاراڭ، — دېدى يەنە زىراپە.

كەپسىز مايمۇنچاق چاققانلىق بىلەن زىراپىنىڭ يېنىدى-كى ئېگىز دەرەخكە يامىشىپ چىقىپ ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە

قارىدى. ئۇ يەردە بىر زىراپە ئىككى شىر بىلەن ئېلىشىۋاتات-
تى. قېشىدا ئۈچ زىراپە قاراپ تۇراتتى.

— ئاۋۇ تەرەپكە قاراڭ، — دەپ زىراپە باشقا بىر تەرەپ-
نى كۆرسەتتى. كەپسىز مايمۇنچاق بىر زىراپىنىڭ بىر يىل-
پىز بىلەن ئېلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئاخىرىدا زىراپە تا-
جاۋۇز قىلىپ كەلگەن دۈشمەننى قاچۇردى.

— ئەگەر ھەقىقەتەن «تار يولدا ئۇچرىشىپ قېلىپ»
دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىدىن قېچىشقا بولمىسا، — دېدى زى-
راپە، — ھاياتىمىزنىڭ خەۋپ - خەتەرگە ئۇچرىشىغا پىسەنت
قىلماي قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىمىز. ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندا
ئارقا پۇتىمىز بىلەن قاتتىق تېپەلەيمىز ياكى بېشىمىزنى
بولقا قىلىپ ئۇنۇملۇك جەڭ قىلالايمىز. شۇڭا شىر بىزگە
ھۇجۇم قىلغاندىمۇ ھامان ئېھتىيات قىلىدۇ. دائىم دېگۈدەك
ئارقىمىزدىن كېلىپ يېقىنلىشىدۇ.

كەپسىز مايمۇنچاق ئۇنىڭ جەڭ قورالىغا قارىدى. ئۇ-
نىڭ قورالى ئۇزۇنلۇقى ئوتتۇز سانتىمېتىر كېلىدىغان تۇيا-
قى بولۇپ، ئەگەر ئاشۇ يوغان تۇيىقىنى ئىشلىتىدىغان بول-
سا، شىرنىڭ مېڭىسىنى تىتىۋېتەلەيتتى.

كەپسىز مايمۇنچاق چىدىغۇسىز ئۇسساپ كەتتى. ئۇنىڭ
ئەھۋالىنى ئۇقۇپ زىراپە سۇ بار يەرگە باشلاپ بارماق بولدى.
ئۇلار ئېھتىيات بىلەن مېڭىپ بىر ئېرىقنىڭ يېنىغا كەلدى.
زىراپە ھوشيارلىق بىلەن ئەتراپنى كۆزىتىپ تۇردى. مايمۇن-
چاق ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇمۇ سۇ
ئىچىشكە تەمشەلدى. ئۇ ھەدەپ سۇ ئىچىۋاتقان چاغدا، كەپ-
سىز مايمۇنچاق توساتتىن بىر شىرنىڭ زىراپىگە ئاستا يېقىن-
لاشقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئىنتايىن دىققەت قىلغانىدى، بى-

ـراق شىرنىڭ قەيەردىن پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭقىرالمىدى. ئەمدى ئۇ زىراپىگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەيتتى. ئەمما شىر زىراپىگە ئېتىلىش ئالدىدا سەزگۈر زىراپە دەرھال قاچتى. كەپسىز مايمۇنچاق زىراپىگە ياردەم بېرىش ئىقتىدارى بولمىغاچقا، كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

«ھەممىسى مېنىڭ كاساپىتىم، — دەپ ئۆزىنى ئەيىبلەپ كەتتى ئۇ، — ئەگەر مەن ئۇسساپ كەتتىم دەپ غەلۋە قىلمىغان بولسام، ئۇ بۇنداق خەتەرگە ئۇچرىمايتتى.»

شىر زىراپىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىشۋالايلا دەپ قالغانىدى. «ئەمدى زىراپە تۈگىشىپ كېتىدىغان بولدى» دەپ ئويلىدى كەپسىز مايمۇنچاق. شۇنداق جىددىي پەيتتە، شىر تېيىلىپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشتى. زىراپە خەتەردىن ۋاقىتلىق قۇتۇلۇش بىلەن بولدى قىلمىدى. ئۇ دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ، قەتئىي ۋە قەيسەرلىك بىلەن ئالدى پۇتى بىلەن شىرنىڭ كۆكرىكىگە دەسسەپ شىرنى ئۆلتۈرۈپ قويدى.

— ئۇھ، — دېدى كەپسىز مايمۇنچاق يۈرىكى ئورنىغا چۈشۈپ.

— سىزگە مەن زىيانكەشلىك قىلىپ قويدۇم، — دېدى ئۇ زىراپىگە، — ئەگەر سىز قازا قىلىپ كەتكەن بولسىڭىز مەن مەڭگۈ ئۆزۈمنى كەچۈرەلمەيتتىم.

— بىز بۇنداق ئەھۋاللارغا كۆنۈپ كەتتۇق. شۇڭا ئانچە پىسەنت قىلىپ كەتمەيمىز. قېچىپ قۇتۇلۇپ كېتەلىسەك مەيلى، قېچىپ قۇتۇلۇشقا مۇمكىن بولمىغاندا دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ ئۆلۈپ كەتسەك ئارمانىمىز يوق.

كەپسىز مايمۇنچاق بىر ئەركەك پىلنىڭ ئون توققۇز زىراپىنى باشلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. پىل ئورماندىن چىقىپ كۆلگە قاراپ كېتىۋاتقاندا، كەينىدىكى زىراپىلەر تو-ساتتىنلا توختاپ قالدى. پىل هوشيارلىق بىلەن تۆت تەرەپكە كۆز يۇگۇرتتى. ئەسلىدە پىلنىڭ ئالدىدىكى بىر تۇپ دەرەختە بىر يىلپىز يوشۇرۇنۇپ ياتقانىكەن. پىل ئۇنى كۆرۈپ، قاتتىق هۆركىرەپ دەرەخكە قاراپ ئېتىلدى. يىلپىز ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ دەرهال قاچتى.

— سىلەرمۇ باشقا هايۋانلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، دۇشمەنگە قارشى تۇرالايدىكەنسىلەر، — دېدى كەپسىز مايمۇن-چاق ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنۈپ.

— ئەلۋەتتە، — دېدى زىراپە، — يەنە كېلىپ، زىراپى-لەر ناهايىتى ياۋاش بولغاچقا، نۇرغۇن كىچىك هايۋانلار ئۇنىڭ بىلەن «دوست» بولۇشنى خالايدۇ. زىراپە ئۆزىنىڭ ئۇزۇن بويىدىن پايدىلىنىپ يىراق يەرلەردىكى دۈشمەن ئەه-ۋالىنى كۆزىتەلەيدۇ. شۇڭا يىرتقۇچ هايۋانلار هۇجۇم قىل-غاندا، كىچىك هايۋانلار زىراپىنىڭ هەرىكىتىگە قاراپ ئۆز-لۈكىدىن مۇداپىئەلىنىشكە ئۆتىدۇ.

زىراپىنىڭ ئەڭ ئېگىزلىرى ئالتە مېتىر كېلىدۇ. ئۇ دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى يەپ كۈن كەچۈرىدۇ. بىر زىراپە كۈنگە سەكسەن بەش كىلوگرام دەرەخ يوپۇرمىقىنى يەۋېتى-دۇ. ئۇنىڭ ئەللىك سانتىمېتىر كېلىدىغان تىلى يوپۇرماق-لارنى يېيىشتىكى ئەپچىل قورالى هېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ بى-لەن هېچبىر هايۋان يېمەكلىك جەھەتتە رىقابەتچى بولالماي-دۇ. زىراپىنىڭ كۈچلۈك ئالدى ئاياغلىرىنىڭ تېگىپ كېتى-شىدىن شىر قورقىسىمۇ زىراپە دائىم هوشيار بولۇپ تۇرىدۇ.

يېتىپ ئۇخلايدىغان ۋاقتى يەتتە مىنۇتتىن ئاشمايدۇ، چۈنكى ئۇ يېتىپ ئۇخلىسا، خەتەرلىك ئەھۋال بولغاندا ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇرۇشى ئۇچۇن ئون سەككىز سېكۇنت ۋاقىت كېتىدۇ. ئۇنىڭ يۈرىكى ئادەمنىڭكىدىن يىگىرمە يەتتە ھەسسە چوڭ بولۇشىغا قارىماي، يۈرەك سوقۇشى مىنۇتىغا بىر يۈز ئەللىك قېتىمدىن ئاشمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئورنىدىن تۇرغاندا، قاننىڭ باش قىسمىغا يېتىپ بېرىشى ئۈچۈن بىر مىنۇت ۋاقىت كېتىدۇ. بۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭ كۆزى قاراڭغۇلىشىدۇ. ئادەتتە بىر توپتا كۆپ بولغاندا ئەللىك زىراپە بولىدۇ. ئانا زىراپە ئۆرە تۇرۇپ تۇغىدىغان بولغاچقا، بالا زىراپىنىڭ ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتىن چۈشۈپ، ھېچقانداق زەخىمگە ئۇچرىماسلىقىنى تەبىئەت دۇنياسىدىكى بىر مۆجىزە دېيىشكە بولىدۇ. زىراپە بالىسى تۇغۇلغاندا ئوڭدىسىغا چۈشىدۇ...

كەپسىز مايمۇنچاق ئۆزى بىلگەن ئەھۋاللارنى تەپسىلىي خاتىرىلەپ ماڭدى. ئافرىقىنى زىيارەت قىلىشىنىڭ ئاجايىپ نەتىجىلىك بولغانلىقىدىن خۇشاللاندى. ئۇنىڭ ئافرىقىدا كۆرگەن - بىلگەنلىرى ئاساسىدا يېزىپ چىققان خەۋەر - ماقالىلىرى چوقۇم كەڭ مۇشتىرىلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاپ، گېزىتنىڭ تىراژىنى شەكسىز ئاشۇراتتى. ئۇمۇ ھەم داڭلىق مۇخبىر بولۇپ قالاتتى.

ئۇ ئەمدى قايتماقچى بولدى. چۈنكى، گېزىتخانا بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىت توشۇپ قالغاندىن باشقا، ئافرىقىدا ياشاۋاتقان، دۈشمەنلىرى بىلەن قان كېچىپ كۈرەش قىلىپ مەغرۇر ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىنى گېزىت مۇشتىرىلىرىغا تونۇشتۇرۇشقا، دوستلىرىغا سۆزلەپ بېرىشكە ئالدىراپ كەتكەنىدى.

شۇغىنىسى، ئۇ بىگىموت ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈشكە ئامال قىلالمىغانىدى.

«ئافرىقىنىڭ ئىسسىق بەلۋاغ ئورمانلىقلىرىنى ساياھەت قىلغىلى كەلگەندە چوقۇم ئۇنىڭ بىلەنمۇ كۆرۈشەلەيمەن» دەپ ئويلىغانىدى ئۇ.

## يىلاننىڭ «پۇتى»

ئۇزۇن تۇكلۇك كۇچۇك ئۆيىدىكى يىمەكلىكلەرنىڭ يو-قىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى توساتتىن سېزىپ قالدى. ئۇ دەس-لەپتە بۇ ئىشقا ئانچە ئېرەن قىلمىغانىدى. بىراق كېيىن ئۆيىدىكى يىمەكلىكلەرنىڭ بارغانسېرى ئازىيىپ كېتىۋاتقاذ-لىقى ئۇنى ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى.

ئۇ يىمەكلىك قويۇلغان ئىشكاپنىڭ ئەتراپىنى ئىنچىكە-لەپ كۆزىتىۋىدى، ئىش ئايدىڭلاشتى. ئۇنىڭ يىمەكلىكلىرى-گە چاشقان «شېرىك» بولۇپتۇ ئەمەسمۇ؟! «خەپ، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — بۇ ئىشلارنى ئاغىنەم تاغىل ئاسلانغا دەيدىغان بولسام جاجاڭنى بىردەمدىلا بېرىدۇ، بوپتۇ، ئۇنىمۇ ئاۋارە قىلماي، تاختىمۇشۇك بىلەنلا سەن خۇنپەرنى جايلاي.»

ئۇزۇن تۇكلۇك كۇچۇك بىر هازا ھەپىلىشىپ تاختىمۇ-شۇكتىن بىرنى ياسىدى ـ دە، ئۇنىڭ ئىلمىكىگە چاشقان يېيىشنى ياخشى كۆرىدىغان كاۋا ئۇرۇقىنى ئىلىندۇرۇپ، ئۇنى يىمەكلىك ئىشكاپى بىلەن تام تەرەپتىكى ئارىلىققا يەم بىلەن ئورۇنلاشتۇردى. ئاندىن كارىۋىتىنى تاختىمۇشۇك كۆ-

روْنوْپ توْرىدىغان يەرگە سوْروْپ ئەكىلىپ ئوْخلاشقا ياتتى.
ئوْ گەرچە ئوْخلىغاندەك ياتقان بولسىمۇ، كۆزىنى كىچىككىنە ئېچىپ ئۆزى توْتماقچى بولغان ئوغرىنىڭ موْكوْنوْۋالغان قاي- سىبىر تۆشوْكتىن چىقىشىنى كوْتوْپ ياتتى.

ئوْ كوْتوْۋېرىپ ئوْيقوْسى كېلىشكە باشلىدى. كۆزى دەم- موْ دەم يوْموْلوْپ قالاتتى. ئوْ ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان قاپاق- لىرىنى تەستە ئېچىپ، شىرىن ئوْيقوْدىن قوْتوْلوْشقا تىرىشى- ۋاتقان چاغدا بىر چاشقان پەيدا بولدى. ئوْ دەككە - دوْككىدە ئەتراپىغا ئالاقزادىلىك بىلەن قاراپ يېمەكلىك ئىشكاپىغا يې- قىنلاشتى. ئوْنىڭ سەزگوْر بوْرنى تاختىموْشوْكتىكى يېمەك- لىكنىڭ پوْرىقىنى پوْرىدى. بوْ پوْراق ئوْنىڭ نەپسىنى تاقىلدىتىۋەتتى.

ئوْ ئۆزىنىڭ نەپسىنى دەپلا جېنىدىن ئايرىلىشنى خىيا- لىغا كەلتوْرمىگەنىدى.

ئۆزوْن توْكلوْك كوْچوْك خوْشال بولغىنىچە ئۆلوْك چاش- قاننى سىرتقا ئاچىقىپ تاشلىۋەتتى. ئاندىن غەلىبىسىنى تەب- رىكلەپ بىر ناخشىنى غىڭشىغىنىچە ئوْخلاشقا ياتتى.

بايىقى ئوْيقوْ قېنى، ئۆز ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسى قەلبىدە پەيدا قىلغان شادلىق ئوْنىڭ ئوْيقوْسىنى قاچوْرۋۋەتكەنىدى. شوْڭا ئوْ بىردەم يېتىپ بېقىپ ئورنىدىن توْردى. ئوْ قورسى- قىنى ئازراق تويدوْرۋېلىپ سەيلە قىلىپ كېلىشنى كۆڭلىگە پوْكتى. هازىرقىدەك كۆڭوْللوْك ۋاقىتتا ئۆيگە بېكىنىۋېلىش هەقىقەتەن بىمەنىلىك، دەپ ئويلىدى.

ئوْ بىر قوْتا كونسېرۋا بىلەن بىر دانە بولكىنى ئالماقچى بولوْپ يېمەكلىك ئىشكاپىنى ئېچىپ ئاچچىقىدىن تاتىرىپ كەتتى. چوْنكى ئوْخلاش ئوْچوْن ياتقان ۋاقىتتا يەنە ئازراق

يېمەكلىك ئازلاپ كەتكەنىدى.

«ئۇ ئوغرى يالغۇز ئەمەسكەن ـ دە، تاختىمۇشۇكۇم كارامىتىڭنى يەنە بىر قېتىم كۆرسىتىپ قوي!» ئۇزۇن تۈكلۈك كۈچۈك ۋەزىپىسىنى تۈگىتىپ بولدى، دەپ ئېلىۋەتكەن تاختىمۇشۇكنى قايتىدىن ئەكىردى. ئاندىن ئۇنىڭ ئىلمىكىنى كاۋا ئۇرۇقىغا ئىلىندۇرۇپ، ئۇنى ئىلگىرى قويغان يەرگە ئورۇنلاشتۇردى ۋە خاتىرجەملىك بىلەن يەنە بىر ئوغرىنىڭ ئۆلۈمىنى كۈتۈپ ئولتۇردى.

ئۇزاق ئۆتمەيلا بىر چاشقان چىقتى. ئۇ ئاستا مېڭىپ تاختىمۇشۇككە يېقىنلاشتى. ئۇزۇن تۈكلۈك كۈچۈك دېمىنى چىقارماي كۆزىتىپ تۇردى. چاشقان مېڭىپ ـ مېڭىپ چىپپىدە ئورنىدا توختاپ تۇرۇپ قالدى. ئاندىن يولىنى ئۆزگەرتىپ تاختىمۇشۇكتىن ئايلىنىپ ئۆتتى ـ دە، يېمەكلىك ئىشكاپى تەرەپكە كەلدى.

«ۋۇي، ھىيلىگەر ئەبلەخ!...» ئۇزۇن تۈكلۈك كۈچۈكنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى. ئۇ قولىغا نەدىندۇر بىر يەردىن چىقىپ قالغان كالتەكنى ئېلىپ چاشقاننى قوغلاشقا باشلىدى. چاشقان پاناھلىنىدىغان يەر تاپالمىدى. كارىۋاتنىڭ تېگىگە كىرىۋالسا، كارىۋاتنى يۆتكىدى. ساپا ـ كرىسلو، ئۈستەل دېگەندەك ئۆي جاھازلىرىمۇ ئورنىدىن قوزغالدى. ئۇ بۇ جەرياندا نېمىنىڭ ئۆرۈلۈپ، نېمىنىڭ سۇنغانلىقىغىمۇ دىققەت قىلغۇدەك بولمىدى. پۈتۈن ئەس ـ يادى چاشقاننى تۇتۇش ياكى قولىدىكى كالتەك بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈش ئىدى.

جان قايغۇسىدا قالغان چاشقانمۇ ئىنتايىن ھودۇققانىدى. ئۇ بىر پۇرسەت تېپىپ ئۇزۇن تۈكلۈك كۈچۈكنىڭ

پۇتلىرى ئارىسىدىن ئۆتۈپ سىرتقا چىقىۋالدى. ئەگەر ئۇ بىر قەدەمنى كەم ئېلىپ قالغان بولسا قاتتىق كالتەكنىڭ ئاستىدا قېلىپ مىجىلىپ كەتكەن بولاتتى.

ئۇزۇن تۇكلۇك كۈچۈك دەرھال ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭدى. دەل شۇ چاغدا بىر نەرسە ئۇچۇپ كېلىپلا ئۇنىڭ يۈزىگە سوقۇلدى.

— كىمسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى قاتتىق چۆچۈپ كەت-كەن ئۇزۇن تۇكلۇك كۈچۈك.

— مەن لەيلىگەك، — دېدى سوقۇلغان نەرسە.

«ھە، ئۇ بىر ھاشاراتكەنغۇ!» دەپ ئويلىدى ئۇزۇن تۇكلۇك كۈچۈك ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ.

— بىمەھەل ۋاقىتتا يولۇقۇپ قېلىپ مېنى ئىشتىن قويدۇڭ، — دەپ كايىدى ئۇزۇن تۇكلۇك كۈچۈك.

— خاپا بولما، مەن بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىمەن. شۇڭا ھاياتىمنىڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىدە تازا ياي-راپ ئوينىۋالاي، بۇ كەڭ ئالەمنى قانغۇدەك كۆرىۋالاي دەپ ئۇيان - بۇيانغا ئۇچۇپ يۈرۈپ، دىققەتسىزلىكتىن ساڭا سو-قۇلۇپ كەتتىم، — دېدى لەيلىگەك ئەپۇ سوراپ.

— بۇ قانداق گەپ، نېمىشقا ئۆمرۈڭ ئاز قالدى؟ — دەپ سورىدى ئۇزۇن تۇكلۇك كۈچۈك.

— مەن قورچاقلىق دەۋرىمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، كې-چە - كۈندۈز تەشنا بولغان ھاياتقا ئاخىر ئېرىشتىم، — دېدى لەيلىگەك.

— قورچاقلىق دەۋرىڭنى ئەمدى ئاخىرلاشتۇرغان بول-ساڭ ھەقىقىي ياشايدىغان ۋاقتىڭ كەلگەن بولمامدۇ؟ — دېدى ئۇزۇن تۇكلۇك كۈچۈك چۈشىنەلمەي.

— سەن بىلمەيسەن، ھايۋانلارنىڭ ئىچىدە لەيلىگەك قۇرتنىڭ ئۆمرى ئەڭ قىسقا، — دېدى لەيلىگەك، — ئۇ قورچاقلىق دەۋرىنى ئۆتكۈزۈپ ئالتە سائەتتىن كېيىنلا ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. بىر كۈنمۇ ھايات كەچۈرەلمەيدۇ. لېكىن ئۇنىڭ تۇخۇمى توپتوغرا ئۈچ يىلدىن كېيىن ئاندىن لىچىنكىغا ئايلىنىدۇ.

— ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمەيدىكەنسەن، بىراق «كېچە-كۈندۈز تەشنا بولغان ھاياتقا ئاخىر ئېرىشتىم» دېگىنىڭ نېمىسى؟ — ئۇزۇن تۈكلۈك كۈچۈك ھەيران بولدى.

— سەن شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، نەچچە مىڭ يىل ياشاپ قېقىندى-سوقۇندى بولۇپ دومىلاپ يۈرگەندىن كۆرە بىرنەچچە دەقىقە بولسىمۇ مەغرۇرانە پەرۋاز قىلىپ ياشىغان ئەۋزەل.

ئۇزۇن تۈكلۈك كۈچۈك ئۇنىڭغا چىن قەلبىدىن قايىل بولدى.

— ساڭا بەخت ۋە شادلىق تىلەيمەن، — دېدى ئۇ لەيلىگەككە.

— ساڭا ئامەت يار بولسۇن، — دېدى لەيلىگەكمۇ، — ساڭا دەخلى يەتكۈزۈپ قويغىنىمنى ئەپۇ قىلغىنىڭدىن ناھايىتى خۇشالمەن.

ئۇزۇن تۈكلۈك كۈچۈك يەنە يولغا راۋان بولدى. ئۇ ئاللىقاچان كۆزىدىن يوقالغان چاشقاننى تېپىش ئىستىكىدە ئوت بولۇپ ياناتتى. ئۇ ئوت-چۆپ، چاتقاللار ئۇچرىسا كالتەك بىلەن ئۇرۇپ، ئاختۇرۇپ، يوشۇرۇنۇۋېلىش ئېھتىمالى بولغان تاش-داڭگاللارغا يولۇقسا، ئۇنى ئۆرۈپ تېگىگە قاراپ بېقىپ كېتىۋەردى.

— مېنى ئەجەبمۇ قورقۇتتۇڭتتىڭ، — دېدى بىر يىلان لوككىدە ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ.
— مەن سېنى قاچان قورقۇتۇۋەتتىم؟ — دېدى ئۇزۇن تۇكلۇك كۈچۈك.
— كالتەك بىلەن ئۇت - چۆپنى ئۇرۇۋېچۇ؟ — دېدى يىلان، — قۇلىقىمغا ئاجايىپ كۈچلۈك ئاۋاز ئاڭلىنىپ كەتتى.
— نېمە؟ سېنىڭمۇ قۇلىقىڭ بارمۇ تېخى، — ئۇزۇن تۇكلۇك كۈچۈك ئۇنى مەسخىرە قىلىپ، — مەن شۇنچە قارايمۇ قۇلىقىڭنى كۆرەلمىدىمغۇ؟
— سەن ئىنسان ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ قۇلىقىنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرۈپ، «قۇلاق باشنىڭ ئىككى يېنىدا بولىدۇ» دەپ ئويلاۋاتىسەن، ئادەتتە، سىلەر دەپ يۈرگەن قۇلاق ئەمەلىيەتتە كانايىنىڭ ئېغىزىغا ئوخشاش قۇلاقچا قارىتىلغان بولۇپ، تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋانلاردا ئۇنداق قۇلاق بولمايدۇ، بىراق ئۇلار ئاۋازنى ئاڭلىيالايدۇ. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىدە ئاڭلاش ئەزاسى بولىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئورنى، تۈزۈلۈشى ئوخشاش بولمايدۇ، خالاس.
— مەسىلەن، قانداق ئوخشاش بولمايدۇ؟
— مەسىلەن، قارا چېكەتكىنىڭ ئۈچ خىل قۇلىقى بولىدۇ. بىرىنچى ئاڭلاش ئورگىنى قورساق قىسمىغا جايلاشقان، ئۇنىڭ قورساق قىسمىدا ئىنچىكە تۈكچىلەر يېپىپ تۇرغان ئىككى دانە ئۆسۈكچىسى بولىدۇ. ئاۋاز دولقۇنى ئىنچىكە تۈكچىلەرگە يېتىپ كەلگەندە بۇ تۈكچىلەر تەۋرىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىنچىكە تۈكچىلەرنىڭ يىلتىزىدىكى سەز-

گۇ نېرۋا ھۇجەيرىلىرى بۇ تەۋرىنىشنى سېزىدۇ. ئەمما، بۇ ئاڭلاش ئورگىنىنىڭ ئۇنۇملۇك ئارىلىقى ئانچە يىراق ئە-مەس. ئىككىنچى ئاڭلاش ئورگىنى ئوڭ - سول ئىككى تىزىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنغان بولۇپ، جەمئىي ئۈچ جۈپ بولىدۇ. بۇ ئاڭلاش ئورگانلىرى ئۇزۇنچاق نېرۋا ھۇجەيرىلە-رىگە ئىگە بولۇپ، بۇ ھۇجەيرىلەر يەلپۈگۈچسىمان ھالەتتە تىزىلغان بولىدۇ. يەر يۈزىدە تەۋرىنىش ھاسىل بولغاندا، قارا چېكەتكىنىڭ پۇتىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ تەۋرىنىدۇ. شۇ-نىڭ بىلەن تىزىدىكى ئاڭلاش ئورگىنى بۇ تەۋرىنىشنى سېزى-دۇ. ئۈچىنچى ئاڭلاش ئورگىنى ئالدى پۇتىنىڭ سىرتقى پاچىقىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ ئاڭلاش پەردىسى (چوڭ نېپىز پەردە ۋە كىچىك قېلىن پەردىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە تارغاقسىمان ماددىدىن تۈزۈلگەن. بۇ ئاڭلاش ئورگىنىنىڭ ۋەزىپىسى يىراق جايدىكى ئاۋازنى يىغىشتىن ئىبارەت. قارا چېكەتكىدىن باشقا، ئىنچىكە تۇكچىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئاۋاز ئاڭلايدىغان ھاشاراتلاردىن يەنە ئاق چۈمۈلە، ھەسەل ھەرىسى ۋە چۈمۈلە قاتارلىقلار بار. ئاق چۈمۈلىنىڭ ئىنچىكە تۇكچىلىرى قارا چېكەتكىنىڭكىگە ئوخشاش قورساق قىسمىغا جايلاشقان، چۈمۈلىنىڭ ئىنچىكە تۇكچىلىرى خۇددى قوبۇل قىلىش ئىستانسىسىغا ئوخشايدۇ. ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئىنچ-چىكە تۇكچىلىرى باش قىسمىغا جايلاشقان. بۇنىڭدىن باشقا، ھەسەل ھەرىسى بىلەن سېرىق ھەرىلەرنىڭ تىزىنىڭ ئاستىدا ئاڭلاش ئورگىنى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئاڭلاش ئورگىنىنىڭ رولى قارا چېكەتكىنىڭكىگە يەتمەيدۇ. كۆكقاشقا چېكەتكىنىڭ قارا چېكەتكىگە ئوخشاش ئالدى پۇتىنىڭ سىرتقى پاچىقىدا بولىدۇ، لېكىن تون پەرۋانىسىنىڭ بۇ خىل ئاڭلاش پەردىسى

كۆكرەك قىسمى بىلەن قورساق قىسمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بو-
لىدۇ. تېخىمۇ ئالاھىدە بولغىنى يېشىل يىڭناغۇچ بولۇپ،
ئۇلارنىڭ ئالدى قانىتىدا نۇرسىمان تارقالغان تومۇرلىرى
ئىنتايىن زىچ بولىدۇ، قانات تومۇرىنىڭ تۈۋى ئىنچىكە بولى-
دۇ. لېكىن تۈۋىدىن يۇقىرىغا قاراپ تارقالغان قىسمى كۆ-
پۈپ چىققان ئۆسمىسىمان ھالەتتە بولىدۇ. تومۇرىدا لىق
سۇيۇقلۇق بولىدۇ ۋە قانات تومۇرىنىڭ بىر تەرىپىنى بىر
قىسىم پۇرمىلىك نېپىز پەردە چىڭ تۇتۇپ تۇرىدۇ. يېشىل
يىڭناغۇچ مۇشۇ قۇرۇلمىدىكى ئاڭلاش ئورگىنىغا تايىنىپ
ئاۋاز دولقۇنىنى سېزەلەيدۇ.
— ئۇنداقتا، سېنىڭچۇ؟
— يىلاندا تاشقى قۇلاق ۋە ئوتتۇرا قۇلاق بولمايدۇ،
ناغرا پەردە بىلەن قۇلاق يۇتقۇلۇق كانىلىمۇ رۇدىمېنتلاشقان
بولۇپ، ھاۋا ئارقىلىق كەلگەن ئاۋازنى ئاڭلىيالمايدۇ. ئەمما
ئۇنىڭدا قۇلاق تۈۋرۈك سۆڭىكى بولىدۇ. قۇلاق تۈۋرۈك
سۆڭىكى تۆۋەنكى جاغ سۆڭەك ۋە چاسا سۆڭەك بىلەن تۇتاش-
قان بولىدۇ. يەر يۈزىدىكى سىلكىنىش يىلاننىڭ تۆۋەنكى
جاغ سۆڭىكى، چاسا سۆڭەكلىرىگە بېرىپ قۇلاق تۈۋرۈك
سۆڭىكى ئارقىلىق ئىچكى قۇلاققا يەتكۈزۈلىدۇ ھەمدە ئاخى-
رىدا نېرۋا ئاخىرقى ئۇچلىرى ئارقىلىق چوڭ مېڭىگە يەتكۈ-
زۈلىدۇ. شۇڭا يىلاننىڭ يېنىدىن كەلگەن سىلكىنىشكە بول-
غان سېزىمچانلىقى ناھايىتى ئۆتكۈر بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن
ئوت - چۆپنى ئۇرغاندا يەر يۈزى تىترەيدۇ. بۇ تىترەش
يىلاننىمۇ قورقۇتىۋېتىدۇ.
— يىلان ئىنسانلار سېزەلمىگەن تەۋرەشنى سېزىپ،
ئۆۋىسىدىن چىقىپ غەلىتە ھەرىكەتلەرنى قىلىدىغانلىقى ئو-

چۈنلا، تەبىئەت دۇنياسىدىكى «يەر تەۋرەشنى ئۆلچىگۈچى ئەسۋاب» دەپ نامى چىققانىكەن.

— سەن كالتەك بىلەن ئوت ـ چۆپلەرنى ئۇرۇپ نېمە قىلىۋاتاتتىڭ؟ — دەپ سورىدى يىلان.

ئۇزۇن توكلۇك كۈچۈك ئۆزىنىڭ چاشقاننى ئىزدەپ ماڭغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— تاختىمۇشۇك بىرەر چاشقاننى قىسىپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، باشقا چاشقاننىڭ ئۇنىڭغا قايتا ئالدانماسلىقىدا سە-ۋەب بار، — دېدى يىلان، — چاشقان ئۇۋىسىدىن چىققان چاغدا بەلگىلىك بىر يول بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. مەسى-لەن، تاغنىڭ تۈۋى ياكى بىرەر نەرسىلەرنىڭ چېتىنى بويلاپ بىر تەرەپتىن پۇراپ، بىر تەرەپتىن يۈگۈرۈپ ئاستا ـ ئاستا ئوزۇق بار تاختىمۇشۇكنىڭ قېشىغا بارىدۇ. تاختىمۇشۇك-تىن تارقالغان مەززىلىك پۇراققا ئالدىنىپ قىلتاققا چۈشۈپ جېنىدىن ئايرىلىدۇ ۋە بىر بۆلەك ئالاھىدە پۇراققا ئىگە خىمىيىلىك ماددا ئاجرىتىپ چىقىرىپ خۇددى باشقا چاشقان-لارغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، ئۇ يەرنىڭ خەتەرلىكلىكىنى، يېقىنلاشماسلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن باشقا چاشقان-لار ھوشيارلىقىنى ئۆستۈرۈپ، تاختىمۇشۇككە بېرىپ ئو-زۇقلۇق ئىزدىمەيدۇ. تاختىمۇشۇكتە ئۆلگەن چاشقاننىڭ پۇ-رىقى پۈتۈنلەي يوقالغاندىن كېيىن ئۇنى ئىشلەتسە ئاندىن ئۈنۈمى بولىدۇ.

— ئىنسانلار بىر خىل «چاشقان ئەترى» ئىش-لىگەن، — دېدى يىلان بىرپەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، — ئۇنىڭ پۇرىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چاشقانلارنىڭ ياخشى كۆرىدىغان پۇرىقى ئىكەن. ئۇنى تاختى-

مۈشۈككە سۈركەپ قويسا، ئۇنى چاشقانلار پۇرسا، بۇ يەردە يەيدىغان ياخشى تائام بار ئىكەن دەپ توپ - توپى بىلەن ئۈۋۈلىرىدىن چىقىدىكەن. ئۇ پۇراق ئۇلارغا قىلچىلىكمۇ رەھىم قىلماي ئەجەللىك زەربە بېرىدىكەن.

ئۇلار بىرپەس سۈكۈت ئىچىدە تۇرۇپ قالدى. ئۇزۇن تۇكلۇك كۈچۈك ئۆزىدىن بىرنەچچە قەدەم نېرىدىكى پۇتبول توپتەك چوڭلۇقتىكى بىر تاشنى كۆردى - دە، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇستىگە ئولتۇردى. ئەمما تاشنىڭ يەرگە تېگىپ تۇرغان يۈزى تەكشى بولمىغاچقا، تاش بىر يانغا ئازراق قىڭغىيىپ، ئۇزۇن تۇكلۇك كۈچۈك يىقىلىپ كەتكىلى قىل قالدى. قاچقۇن چاشقان مۈشۈ تاشنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغانىكەن. ئۇ ئاشكارىلىنىپ قالغاندىن كېيىن جېنىنى قۇتۇلدۇرماق بولۇپ قاچتى ۋە ئالدىرىغىنىدىن يىلاننى كۆرمەي، ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتتى. يىلان دەررۇ ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى يۇتۇۋەتتى.

— نېمىدېگەن چاققانسەن، — دېدى ئۇزۇن تۇكلۇك كۈچۈك، — بۇنىڭدىمۇ قۇلىقىڭنىڭ ئىقتىدارىدىن پايدىلاندىڭمۇ؟

يىلان ئاغزىدىن ئۇچى ئاچىماق تىلىنى چىقاردى.

— مەن مۈشۈنىڭدىن پايدىلاندىم، — دېدى ئۇ، — يىلان ئۆمىلەپ ماڭغان چاغدا تىلىنى داۋاملىق چىقىرىپ تۇرىدۇ. يىلاننىڭ تىلى قوشۇمچە ئۇنىڭ بۇرنى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ يۇقىرىقى تاڭلىيىنىڭ ئالدىنقى تەرىپىدە كىچىككىنە ئازگالچە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇستۇنكى تېرىسى پۇراق سېزەلەيدۇ. شۇڭا ئۇ ياردەمچى بۇرۇن دەپ ئاتىلىدۇ. مانا شۇنىڭ ئۆزى يىلاننىڭ پۇراش ئەزاسى بولۇپ، ئۇ نېرۋىلار ئارقىلىق مېڭە

بىلەن تۇتاشقان. يىلان سىرتقا چىقارغان تىلىغا تايىنىپ ئەتراپىدىكى پۇراقلارنى پۇراپ ياردەمچى بۇرۇنغا خەۋەر قىلىدۇ. ئەگەر يېنىدا چاشقاننىڭ بارلىقىنى سېزىپ قالسىلا ئۇنى دەرھال تۇتۇۋالالايدۇ.

ئۇزۇن تۇكلۇك كۇچۇك ئۆزىنى ئاۋارە قىلغان چاشقان يوقىتىلغاندىن كېيىن، كۆڭلى ئەمىن تېپىپ ئارقىسىغا قايتتى. يىلانمۇ ئوت - چۆپلەر ئارىسىغا كىرىپ كەتتى.

ئۇزۇن تۇكلۇك كۇچۇكنىڭ كۆڭلىدىن بىر خىيال ئۆتۈپ توختاپ قالدى.

— نېمە ئىش بولدى؟ — بايا يىلان كىرىپ كەتكەن ئوت - چۆپلەر ئارىسىدىن ئۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ئۇزۇن تۇكلۇك كۇچۇكنىڭ ئاياغ تىۋىشىدىن ئۇنىڭ توختاپ قالغانلىقىنى بىلىپ بولغانىدى.

— كاللامدا بىر سوئال پەيدا بولۇۋاتىدۇ؟ — دېدى ئۇزۇن تۇكلۇك كۇچۇك.

— نېمە سوئال؟ — دەپ سورىدى يىلان قىزىقىپ.

— يىلاننىڭ تۆرى ئىككى مىڭ خىلدىن ئاشىدۇ، — دېدى ئۇزۇن تۇكلۇك كۇچۇك. ئۇ ئارقىسىغا يېنىپ يىلانغا يېقىنلاشتى، — يەر شارىنىڭ ئىككى قۇتۇپىدىن باشقا ھەممىلا يەردە دېگۈدەك يىلاننى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. يىلان ئادەتتە قۇرۇقلۇقتا، ئۆڭكۈرلەردە، سۇدا ۋە دەرەخلەرنىڭ ئۈستىدە ياشايدۇ.

يىلان ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ جىممىدە تۇراتتى.

— يىلاننىڭ ھەرىكىتىگە دىققەت قىلغىنىمىزدا، ئۇنىڭ قايسى مۇسكۇلى ياكى قايسىبىر ئىسكىلىتىنىڭ ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيمىز. گەرچە يىلاننىڭ

پۈتى يوق بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئېگىز تاغ ۋە چوڭ دەرەخلەرگە يامىشىپ چىقالايدۇ، شۇنداقلا ئۆڭكۈرلەردىمۇ ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ.

— كىم يىلاننىڭ پۈتى يوق دەيدۇ، — دېدى يىلان كۈلۈپ، — يىلاننىڭ قورساق قىسمىدا نۇرغۇنلىغان قاسىراقلار بولىدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ مېڭىشىدىكى قورالىدۇر. يىلان قاسىراقچىلىرىنىڭ ئارقا قىرى ئېگىز - پەس يەر يۈزى ياكى مەلۇم نەرسىنى تىرەپ ئىتتەرگەندە ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى ئالدىغا قاراپ سىلجىيدۇ.

— مېنى ھەيران قالدۇرغىنى، يىلان قاسىراقلىرىنىڭ قانداق ھەرىكەتلىنىشىدىن ئىبارەت؟

— يىلاننىڭ بىرقاتار ئومۇرتقا سۆڭىكى بولۇپ، ئومۇرتقىسىدا قاتار - قاتار قوۋۇرغا بار. بەزى يىلانلارنىڭ بىر يۈز قىرىق بەش جۈپ قوۋۇرغىسى بار. ھەربىر جۈپ قوۋۇرغا يۇمران ئومۇرتقا سۆڭىكى بىلەن تۇتاشقان. يىلاننىڭ ئومۇرتقا سۆڭىكى شار شەكلىدىكى بوغۇم (ئۇگە) بولۇپ، ئۆزئارا تۇتاشقان. شۇڭا ھەربىر ئومۇرتقا سۆڭىكىنىڭ ھەرىكەتلىنىشى چاققان ھەم ئەپچىلدۇر. يىلاننىڭ ھەربىر قاتار قوۋۇرغىسى يۇقىرى ئۇچى بىلەن ئومۇرتقىسىغا، تۆۋەن ئۇچى قورساق قىسمىدىكى قاسىراقلار بىلەن تۇتاشقان. شۇڭا يىلاننىڭ قورساق قىسمىدىكى ھەربىر پارچە قاسىراق ئەركىن ھەرىكەت قىلالايدۇ. يىلان ھەربىر پارچە قاسىرىقىنى ھەرىكەتلەندۈرگەندە، قاسىرىقى خۇددى پۈتقا ئوخشاش يول يۈرەلەيدۇ، يەنى يىلاننىڭ قوۋۇرغىسى ماھىيەتتە ئۇنىڭ پاچىقى، قاسىرىقى بولسا پۈتىدىن ئىبارەت.

— بارلىق يىلانلارنىڭ ئومۇرتقا سۆڭىكىنىڭ سانى

ئوخشاش بولامدۇ؟
— ياق، ئوخشاش بولمايدۇ، قەدىمكى دەۋردە ياشىغان بىرخىل چوڭ يىلان بولۇپ، ئۇنىڭ تاشقا ئايلانغان ئومۇرتقا سۆڭىكى بەش يۈز ئاتمىش بەشتىن ئاشىدىكەن. ھازىرقى زاماندا ياشاۋاتقان يىلانلار ئىچىدە ئومۇرتقا سۆڭىكى ئەڭ كۆپ بولغان بىر خىلىنىڭ تۆت يۈز ئوتتۇز بەش دانە ئومۇرتقا سۆڭىكى بار ئىكەن.
— يىلاننىڭ باش قىسمى ۋە تاڭلاي قىسمىدىمۇ سۆڭەك بولىدۇ. ئۇ يېمەكلىكلەرنى يېگەن ۋاقتىدا ئاغزىنى يوغان ئاچالايدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب، يىلاننىڭ ئاغزى ئەتراپىدىكى سۆڭەكلەرنىڭ ناھايىتى بوش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.
— بۇ دېگىنىڭ پۈتۈنلەي توغرا، — دېدى يىلان، — ئەمەلىيەتتە كۆپ ساندىكى يىلانلار باشقا جانىۋار-لارنى يۇتقان چاغدا ئاۋال چىشلەپ ئۆلتۈرۈپ يېمەستىن، بەلكى يۇتىۋېلىپ ئاندىن ئاستا - ئاستا ھەزىم قىلىدۇ.
— سىلەر ئاجايىپ قىزىقارلىق مەخلۇقكەنسىلەر، — دېدى ئۈزۈن تۈكلۈك كۈچۈك ھەيران بولۇپ.
— بۇنداق قىزىق ئىش دېگەن ناھايىتى كۆپ، — يىلان كۈلدى، — ھەتتا يىلان پوستىنى تاشلىغاندا، كۆزىنىڭ بىر قەۋەت تېرىسىنىمۇ تاشلىۋېتىدۇ.
— ئەگەر يىلان ئالدىغا قاراپ ئىلگىرىلىشىنى تېزلەت-مەكچى بولسا قانداق قىلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايۋاتى-مەن؟ — دېدى ئۈزۈن تۈكلۈك كۈچۈك يەنە.
— بۇ تەس ئەمەس، بەدەن شەكلىنى «S» شەكلىگە ئەكەلسىلا بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى يىلان، — بۇ خىل ئەگرى سىزىق ياكى ھالقا شەكىل يىلاننىڭ ئۆزىگە يولۇققان

ھەرقانداق نەرسىلەرنى قىسىپ ئىتتىرىشىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، قىسىپ ئىتتىرىلگۈچى جىسىملار بىلەن بولغان سۈركىلىش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. شۇڭا يىلان تېزلىكتە ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدۇ.

— بەزى يىلانلار، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى يىلان، — مەسىلەن، بوغما يىلاننىڭ ئىسكىلىتلىرىدا يىلان ئارقا پۇتىنىڭ ئىزناسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ خىل ئارقا پۇتنى يىلانلار تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا يوقاتقان بولسا كېرەك. ئېھتىمال، ئىلگىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ راستىنىلا پۇتى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

— يېقىندا بىر خەۋەردىن بىلىشىمچە، ئىراندا پۇتلۇق يىلان بايقالغان، — دېدى يىلان يەنە، — بۇ يىلاننىڭ بەدىنى رەڭدار گۈللۈك بولۇپ ئىنتايىن چىرايلىق ئىكەن. ئىككى پۇتى بار بولۇپ، پۇتى بىلەن يەرنى دەسسەپ ئۆرە تۇرالايدىكەن. ئېغىزىنىڭ ئاستى - ئۈستىدە بەش تال چىشى بار ئىكەن. ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر يىگىرمە سانتىمېتىر، توملۇقى ئون سانتىمېتىر كېلىدىكەن.

ئۇزۇن تۇكلۇك كۈچۈك خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالغاندى. ئۇنىڭ باشقا گەپ قىلمىغىنى كۆرۈپ، يىلان بۇرۇلۇپلا ئوت - چۆپلەر ئىچىدە غايىب بولدى.

ئۇزۇن تۇكلۇك كۈچۈك مۇرەككەپ ھېسسىياتلار قايىنىمىغا چۆككەندى. ئۇ ماتېرىيال كۆرۈپ ئىزدىنىپ، باشقىلاردىن زېرىكمەي سوراپ ئۆگىنىپ، كۆنسېرى بىلىدىغانلىرىنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىپ، زېھنىنىڭ ئېچىلىپ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندى.

«چاشقان، لەيلىگەك، يىلان...» دەپ ئويلىدى ئۇ بۇ-گۇنمۇ ئۆزىنىڭ نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىۋېلىشقا سەۋەب بول-غان ئىشلارنى ئەسلەپ.

## هايۋانات شاھى كىم؟

سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسى باقمىچىلىق ئىشلى-رىنى بىرەرقۇر يولغا سېلىپ بولۇپ، ئاندىن «ئۇھ» دېگۇ-دەك ۋاقىت چىقىرالىدى. ئۇنىڭغا قارا كۆز بۇغىچاق، شوخ ئوغلاقچان ۋە ئۇزۇن تۇكلۇك كۈچۈكلەر ئەتىسى - ئاخشىمى ۋاقىت چىقىرىپ ياردەملەشمىگەن بولسا، ئۇ ناھايىتى كۆپ جاپا تارتىپ كەتكەن بولاتتى.

ئۇ ئالدىراشچىلىقتا كۈننىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدى. شۇڭا ھۈجرىسىدىكى كارىۋىتىنىڭ بېشىغا ئېسىلغان، دۇنيادىكى مەشھۇر تاغ - دەريالار ۋە ئورمانلارنىڭ مەنزىرىسى چۈشۈ-رۈلگەن ئاسما كالېندارغا قارىدى. «ھە، بۈگۈن شەنبە كۈنى ئىكەنغۇ!» بۈگۈن ۋە ئەتە ئىككى كۈن ئوبدان ئارام ئېلىۋې-لىش كېرەك.

ئۇ «دوستلىرى بىلەن كۆرۈشۈۋېلىشنى ئەڭ ياخشى ئارام ئېلىش» دەپ ئويلىدى - دە، ئۆيدىن چىقتى. ئۇ يولدا بىللە كېلىۋاتقان مۆلايىم قوزىچاق بىلەن تاغىل ئاسلاننى كۆردى.

— كەپىسىز مايمۇنچاق قايتىپ كەپتۇ، شۇڭا دوستلار يىغىلىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە بارايلى، دەپ ئويلىغانىدىم. دوختۇر-خانىغا بارسام، مۆلايىم قوزىچاقمۇ ئىشتىن چۈشكىلى تەمشى-

لىپتىكەن. بىزنىڭ يولدا ئۈچرىشىپ قالغىنىمىز ئوبدان بولدى، يولىمىز قىسقاردى، — دېدى تاغىل ئاسلان.

— ئۆچىمىز بۆلۈنۈپ باشقىلارغا خەۋەر قىلايلى، — دېدى مۇلايىم قوزىچاق.

— مەن قارا كۆز بۇغىچاقنىڭ ئۆيىگە باراي، — دېدى سېرىق تومشۇق ئۆردەك چۈجىسى.

— مەن شوخ ئوغلاقجانغا خەۋەر قىلاي، — دېدى تاغىل ئاسلان.

— ئۇنداقتا ئۇزۇن تۇكلۇك كۈچۈك بىلەن مەن كۆرۈشەي، — دېدى مۇلايىم قوزىچاق.

— دوختۇر پىلغىچۇ، ئۇنىڭغا قايسىمىز خەۋەر قىلىمىز؟ — دېدى سېرىق تومشۇق ئۆردەك چۈجىسى، — ئۇنى ئايرىپ قويساق قاملاشماس.

— بەللى، سېنىڭ بۇ گەپلىرىڭنى، — دېدى تاغىل ئاسلان، — دوختۇر پىل بولغان بولسا ئۇنى ئايرىپ قوياتتىقمۇ؟

— ئۇ مېدىتسىنا ساھەسى بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان خەلقئارا يىغىنغا قاتناشقىلى كەتكىلى نېكەم، — دېدى مۇلايىم قوزىچاق.

— مەن ئالدىراشچىلىقتا سىرتقا چىقمىغىلى ئۇزۇن بولغان تۇرسا، ئۇنى مەن نەدىن بىلەي، — دېدى سېرىق تومشۇق ئۆردەك چۈجىسى كۈلۈپ.

— ماقايلى، — دېدى تاغىل ئاسلان ئالدىرىتىپ، — كەپسىز مايمۇنچاقنىڭ ئۆيىدە جىق پاراڭلىشىمىز تېخى.

— كەپسىز مايمۇنچاقنىڭ ئۆيىدە ئۇچرىشايلى، — دېدى مۇلايىم قوزىچاق.

ئۈچ دوست ئۈچ تەرەپكە يولغا چۈشتى ۋە يېرىم سائەت ئىچىدىلا كەپسىز مايمۇنچاقنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ بولدى.

كەپسىز مايمۇنچاق سەھرايى كەبىر چۆلىدە ياشاۋاتقان تۆگىقۇش، كىلىمانجارو تېغى ۋە ئىسسىق بەلۋاغ يايلاقلىرىدا ياشاۋاتقان زىراپە قاتارلىقلار ھەققىدە سۆزلەپ بەردى.

— ئۇنداقتا بېگىموت ئەپەندى بىلەن كۆرۈشەلمەپسەن ـ دە، — دەپ سورىدى سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسى. ئۇ بېگىموت ئەپەندىنىڭ قانداق تۇرۇۋاتقانلىقىنى، دوختۇر پىل ئۆلىغان بېغىشنىڭ ئۇنىڭ نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە كاشىلا بولغان ـ بولمىغانلىقىنى بەك بىلگۈسى بار ئىدى.

— ۋاقىت چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن بېگىموت ئەپەندى ياشاۋاتقان ئافرىقا ئىسسىق بەلۋاغ ئورمانلىقىغا بېرىشقا ئىمكان تاپالمىدىم، — دېدى كەپسىز مايمۇنچاق. ئۇ سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسىنىڭ كۆڭلىنىڭ يېرىم بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى:

— خاتىرجەم بول، مەن يەنە ئافرىقىغا بارىمەن. بېگىموت ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ، سېنىڭ ۋە باشقا بارلىق دوستلىرىمىزنىڭ سالىمىنى چوقۇم يەتكۈزىمەن.

كۆپچىلىك سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسىنىڭ ھېلىمۇ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى، شۇڭا بېگىموت ئەپەندىنىڭ ياردىمىنى دوختۇر پىل داۋالاپ سەللىمازا ساقايتقان بولسىمۇ، يەنە تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە بۇ ئاق كۆڭۈل دوستىنىڭ ئېسىل پەزىلىتىدىن تەسىرلەندى.

— زىراپە «ھايۋانلار پادىشاھى» دەپ نام ئالغان شىرنىمۇ يېڭەلەيدىكەن دېگىنە، — دېدى شوخ ئوغلاقچان كەپسىز

مايمۇنچاقنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆپچىلىك ئارىسىدا پەيدا بولغان جىملىققا خاتىمە بېرىپ.
— شىرنى ھايۋانلار پادىشاھى دەمسەن، ھەممىدىن يامىنى يولۋاس، — دېدى ئۇزۇن تۇكلۇك كۇچۇك، — يولۋاس «ھايۋانات پادىشاھى»، شۇنداقلا ئەڭ يىرتقۇچ ھايۋان، يولۋاس ھەممە ھايۋاننى دېگۇدەك تۇتۇپ يەيدۇ. ئۇ كالا، بۆكەن، ئاق قۇيرۇق، ئىپار، تاغ ئۆچكىسى ۋە ياۋا توشقانغا ئوخشاش چوڭ، ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى ئوتخور ھايۋانلارنى تۇتۇپ يېيىشتىن باشقا، يەنە يىلپىز، ئېيىق، بۆرە قاتارلىق يىرتقۇچ ھايۋانلارنىمۇ ئۆلتۈرۈپ يەيدۇ، ھەتتا مايمۇن، توز ۋە پاقىغا ئوخشاش كىچىك ھايۋانلارنىمۇ بوش قويۇۋەتمەيدۇ. كىشىنى ئەڭ ھەيران قالدۇرىدىغىنى، يولۋاس پىل، كەركىدان، ياۋا كالا ۋە ياۋا توڭگۇز قاتارلىق ھايۋانلارنىمۇ ئۆلتۈرۈپ يەيدۇ. ھىندىستاندا يېتىلگەن بىر چىشى يولۋاسنىڭ ئېغىرلىقى ئىككى يۈز ئەللىك كىلوگرام كېلىدىغان بىر ياۋا كالىنى يەۋەتكەنلىكىنى كۆرگەنلەر بار.
— مەن ياۋا كالىلارنىڭ يولۋاسنى مەغلۇپ قىلغانلىقىنى كۆرگەنمەن. ئاچچىقى يامان ھىندىستان ياۋا كالىسى ۋە ياۋا سۇ كالىلىرىغا يولۋاس ئاسانلىقچە ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالماي، پەقەت تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. ھۇجۇمى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىسا دەرھال قېچىپ كېتىدۇ. پىل ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ كۈچلۈك ھايۋان بولسىمۇ، لېكىن يولۋاس پىل توپىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىۋېرىدۇ. ھىندىستان ۋە بىرمىدا يولۋاس چوڭ ئەركەك پىللارغا چېقىلىشقا جۈرئەت قىلالمىسىمۇ، لېكىن چىشى پىلنى يارىلاندۇرالايدۇ ھەم پىل بالىسىنى چىشلەپ ئۆلتۈرەلەيدۇ. يېڭى

توغولغان پىل بالىلىرى دائىم يولۋاسقا يەم بولىدۇ. ياۋا توڭگۇز يولۋاسقا ئاسان بوزەك بولمايدۇ. يولۋاس پەقەت مېكىجىن ۋە ئۇنىڭ بالىسىنىلا تۇتۇپ يەيدۇ. ئەمما ئېغىرلىقى ئۈچ يۈز كىلوگرام كېلىدىغان قاۋانلا يولۋاستىن قورقمايدۇ. يولۋاسمۇ ئاسانلىقچە ئۇنىڭغا چېقىلمايدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا يولۋاس ئاچ قالغانلىقتىن قاۋان بىلەنمۇ تۇتۇشۇپ قالىدۇ، ئەمما ئۆيلىمىغان يەردىن قاۋانمۇ يولۋاسقا ھۇجۇم قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر مەيدان ئېلىشىش باشلىنىپ كېتىدۇ. بىر ئوفېتسىر مالايسىيا ئورمانلىقىدا يولۋاس بىلەن ياۋا توڭگۇزنىڭ ئېلىشقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. ئۇلار بىرپەس قاتتىق ئېلىشقاندىن كېيىن ياۋا توڭگۇزنىڭ بەدىنىنىڭ نەچچە يېرى تىتىلىپ كەتكەن، يولۋاسنىڭمۇ بىر ئالدى پۇتى ئۈزۈۋېتىلگەن. بۇ چاغدا يولۋاس مەقسەتلىك چېكىنىپ قاچماقچى بولغان. لېكىن ياۋا توڭگۇز يولۋاسنى قويۇۋەتمىگەن. بۇ بىر مەيدان دەھشەتلىك جەڭ نەتىجىسىدە ھەر ئىككى تەرەپ زىيانغا ئۇچراپ ئاخىرى ئۆلگەن، — دېدى قارا كۆز بوغچاق زوئولوگلارغا خاس ھالدا تەپسىلىي سۆزلەپ.

— يولۋاسنى ھەممىدىن يامان دېسە، مەن قەتئىي ئىشەنمەيمەن، — دېدى تاغىل ئاسلان، — پىل غەزەپلەنگەندە يولۋاس بەدەر تىكىۋېتىدۇ.

— پىل تەبىئىتىدىن ياۋاش ھايۋان، ئۇنى ھايۋانلار پادىشاھى دېگىلى بولمايدۇ، — دېدى شوخ ئوغلاقجان، — ئەلمىساقتىن تارتىپ شىر «ھايۋانات پادىشاھى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

— ئۇنداقتا شىر ياۋايى ھايۋانلار ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈك-

مۇ؟ — دېدى ئۆزۈن تۇكلۇك كۇچۇك قايىل بولماي.
— كۇچ ۋە تەن ساپاسى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شىر پىلغا يەتمەيدۇ. ئافرىقىدىكى كۆپىنچە ئورمانلاردا، پىل ھۇجۇمغا ئۇچرىمايدۇ. كىم ھۇجۇم قىلىدىكەن، پىل دەسسەپ جېنىنى ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن، پىل بىلەن كەركىداننى ھەقىقىي پادىشاھ دېسە بولىدۇ، — دېدى كەپسىز مايمۇنچاق.
— شىر سەۋەبسىز لا «ھايۋانات پادىشاھى» دەپ نام ئېلىپتىكەن - دە، — دېدى شوخ ئوغلاقجان كىنايىلىك تەلەپپۇزدا.
— شىر مۇشۇك ئائىلىسىگە تەۋە ھايۋان. گۆشنى ئاساسلىق يېمەكلىك قىلىدۇ. ئاساسەن ياۋا تاغىل ئاتقا ئوخشاش ئاجىز ھايۋانلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. شىر ئولجا ئېلىشقا ئانچە كۇچلۇك ھايۋانمۇ ئەمەس (بارلىق ياۋايى ھايۋانلار ئىچىدە شىرنىڭ يۈرىكى ئەڭ كىچىك). ئەركەك شىر ئوۋ نىشانىغا ئېتىلغاندا، تۇكلىرى تىك تۇرۇپ كېتىدۇ. باتۇر جەڭچىدەك ئاجايىپ جەزبە بىلەن ئېتىلىدۇ. ئېھتىمال، ياۋايى ھايۋانلار ئىچىدە ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتە ھۇجۇمچى بولمىسا كېرەك. ئەركەك شىرنىڭ باتۇرلۇق ھالىتى كىشىلەردە كۇچلۇك تەسىرات قالدۇرغانلىقتىن «ھايۋانات پادىشاھى» دەپ سۈپەتلەنگەن، — دېدى كەپسىز مايمۇنچاق ئەستايىدىل ھالدا.
— ئوخشاش ئېغىرلىقتىكى شىر بىلەن يولۋاس ئېلىشقاندا، گەرچە ھەر ئىككىلىسى يارىلىنىدىغان بولسىمۇ، بىراق ئاخىر يولۋاس غەلىبە قىلىدۇ، — دېدى ئۇن چىقارماي ئولتۇرغان مۇلايىم قوزىچاق گەپكە ئارىلىشىپ، — بۇنىڭ

سەۋەبى: بىرىنچىدىن، يولۋاس يەر شارائىتى مۇرەككەپ بولغان تاغ - ئورمانلىقلاردا ياشاپ، كۆچلۈك، قەيسەر بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. شىر يەر شارائىتى ئاددىي، مۇھىتى ساپ ئوتلاق، چول - باياۋانلاردا ياشىغاچقا، ئۇيقۇغا ئامراق كېلىدۇ. ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىلا ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ. ئىككىنچىدىن، يولۋاس يەككە - يېگانە، يالغۇز ھەرىكەت قىلىدۇ، ياشاش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولىدۇ. شىر كىچىك توپ بولۇپ ياشايدۇ. كوللېكتىپ ھالدا باشقا ئوتخور ھايۋانلارنى ئوۋلايدۇ. مۇستەقىل ياشاش ۋە ئوزۇقلۇق ئىزدەش ئىقتىدارى يولۋاسقا يەتمەيدۇ.

— شۇڭا پىلنى ھايۋانات پادىشاھى دېيىش كېرەك، — دېدى تاغىل ئاسلان، — ئۇ چوڭ ھەم كۈچلۈك، يېڭى تۇغۇلغان پىل بالىسىنىڭ ئېغىرلىقىمۇ تەخمىنەن توقسان بىر كىلوگرام كېلىدۇ.

— ھايۋانلارنىڭ چوڭ ھەم كۈچلۈكلۈكىنى ھېسابقا ئالساق، ھەقىقىي ھايۋانات پادىشاھى كىت، — دېدى قارا كۆز بۇغىچاق، — چىشى كۆك كىت دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ھايۋاندۇر.

— بۇنداق تالاش - تارتىشنىڭ نېمە پايدىسى، — دېدى سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسى ھېچ ئايىغى چىقمايۋاتقان بەس - مۇنازىرىگە نارازى بولۇپ.

— بۇ ئورۇنلۇق گەپ بولدى، ھەپتىدە بىر كېلىدىغان ئارام ئېلىش كۈنلىرىدە سىرتقا چىقىپ ھاۋا يەپ كەلمىسە ئىچى سىقىلىپ ئىش خۇش ياقمايدىكەن، — دېدى مۇلايىم قوزىچاق.

— مۇنداق بولسۇن، بىز بۈگۈن ئورمانغا بېرىپ ئوۋ

ئۇۋلاپ كېلەيلى، بۇنىڭ بىلەن بىر تەرەپتىن، كۆڭلىمىزنى ئاچىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن، تالا ـ تۈزدە يۈرۈپ بەدەن چېنىقتۇرىمىز. كۆپچىلىك ئەلۋەتتە بىلىدۇ، تەن سالامەت بولسا خىزمەتمۇ ئۇنۇملۇك بولىدۇ، — دېدى تاغىل ئاسلان.

باشقىلارمۇ بۇ پىكىرگە قوشۇلدى. كەپسىز مايمۇنچاقمۇ يايراپلا كەتتى. ئۇ مۇخبىرلىق قىلىش جەريانىدا سىرتتا يۈرۈپ دالا تۇرمۇشىغا كۆنۈپ قالغان ھەم ئالاھىدە بىر قىزىقىش شەكىللەنگەنىدى.

— بىراق، — دېدى زوئولوگ قارا كۆز بۈغىچاق شەرت قويۇپ، — پەقەت زىياندىش ھايۋانلارنىلا ئۇۋلاشقا رۇخسەت، ئەگەر كىمدەكىم بۇ بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلسا، يۈز قاردىماي قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

— پايدىلىق ھايۋانلارغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان ئەخلاقسىز قىلمىشلار بىزنىڭ ئارىمىزدىن ئەبەدىي چىقمايدۇ، — دېدى سېرىق تۈمشۇق ئۆردەك چۈجىسى.

— ئۇنىڭ ئۈستىگە يېنىمىزدا تاغىل ئاسلان تۇرسا، ئۇنداق قىلىشقا ھەددىمىزمۇ، — دېدى كەپسىز مايمۇنچاق شەيتانلىق قىلىپ كۆزلىرىنى قىسقىنىچە.

ئۇلار لازىمەتلىك قورال ـ جابدۇقلارنى ئېلىپ يولغا چىقتى. تومۇز ئاخىرلىشىپ باش كۈز مەزگىلى كىرىپ قالغان سەككىزىنچى ئاۋغۇست كۈنى بولسىمۇ ھاۋا ئىنتايىن ئىسسىق ئىدى. ئۇلار سالقىن، جانغا ئارام بەخش ئېتىدىغان ئورمانغا يېتىپ كېلىپ ئازراق ئارام ئېلىۋالدى ۋە تەرلىرى قۇرىغاندىن كېيىن ئورمانغا ئىچكىرىلەپ كىردى.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە خېلى ئۇزاق ماڭغان بولسىمۇ ئاتقۇدەك زىياندىش ھايۋان ئۇچرىمىدى.

— ئاۋۇ ئېگىز دەرەخنى كۆردۈڭلارمۇ؟ — دېدى تاغىل
ئاسلان ئورمان سەل شالاڭراق يەرگە كەلگەندە كۆپچىلىككە
خىتاب قىلىپ، — بىز تارقىلىپ ئىزدەيلى، تەخمىنەن بىر
سائەتلەردىن كېيىن، ئاشۇ دەرەخ تۈۋىگە يىغىلايلى. سىلەر-
چە قانداق؟

— بولىدۇ، شۇنداق قىلايلى، — دېيىشتى كۆپچىلىك
تاغىل ئاسلان كۆرسەتكەن ئېگىز دەرەخنى ۋە ئۇنىڭغا بەلگە
بولىدىغان شاخلىرىنى ئېنىق كۆرۈۋالغاندىن كېيىن.

كۆپچىلىك تارقالغاندىن كېيىن، شوخ ئوغلاقجانمۇ باش-
قا يولغا چۈشتى. ئۇ بىرەر زىيانداش ھايۋانات ئۇچرىسا ئۇنى
ئېتىۋالسام دەپ ئويلايتتى. ئوۋلىيالماي دوستلىرى ئالدىدا
يۈزى چۈشۈپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ
قەدەملىرىنى ئالدىرىماي ئېلىپ، دەرەخ ئارىلىقىدا ئۆسۈپ
كەتكەن بۈك - باراقسان چاتقال ۋە ئېگىز غوللۇق ئوت -
چۆپلەرنىڭ ئارىسىغا دىققەت بىلەن قارىغاچ ماڭدى. ئۇ،
دەرەخلەر قويۇق ئۆسكەن بىر يارلىقنى كۆردى. يارلىقتا
قويۇق ئوت - چۆپ، چاتقال ۋە پېلەك غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر
يامىشىپ كەتكەنىدى.

شوخ ئوغلاقجان پاكار يارلىقتىن پەسكە سەكرەپ چۈ-
شۈپ، قولىدىكى مىلتىقنىڭ سىتۋولى بىلەن بىر - بىرىگە
يېقىنراق تۇرغان ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ غوللىرىدىكى كى-
چىك شاخلارغا چىرمىشىپ كەتكەن پېلەكنى قايرىدى. بۇ
يەر تۆپىدىن بىلىنمىگەن بىلەن يارلىق بىلەن يارلىقنىڭ
تۈۋىدىن تەخمىنەن بىر يېرىم مېتىر نېرىسىدا ئۆسكەن دە-
رەخنى ئىككى يان تام قىلغان، ئۈستى پۈتۈنلەي دەرەخ
شاخلىرى ۋە دەرەخ شاخلىرىغا ياماشقان پېلەك غوللۇق ئۆ-

سۇملۇكلەر بىلەن يېپىلغان تەبىئىي «يېشىل ئۆڭكۈر» نىڭ تۆر تەرىپى ئىكەن. بۇ تەرەپنىڭ قارشىسى، يەنى «يېشىل ئۆڭكۈر» نىڭ ئېغىزى ئوچۇق بولۇپ، ئۇ يەرگە بىرىش ئۇ-چۇن، دۇمبەلنى ئايلىنىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. چۈنكى ئۇدۇل تەرەپنى يېپىلىپ باراقسان ئۆسكەن تىكەنلىك چاتقال-لار توسۇۋالغانىدى.

شوخ ئوغلاقچان «يېشىل ئۆڭكۈر» گە بەك قىزىقتى. دوستلىرىغا كۆرسىتىشتىن ئىلگىرى ئىچىنى ئۆزى كىرىپ كۆرۈپ چىقماقچى بولدى ـ دە، دۇمبەلنى ئايلىنىپ يەنە بىر تەرەپكە ئۆتتى. ئۇ يەر يارلىق دېسە بەك تىك ئەمەس، يانتۇلۇق دېسە ئۇنىڭدىن سەل تىكرەك بولۇپ، دۇمبەلگە ياندىشىپ ئۆسكەن بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىدە قاپقارا بىر كامار تۇراتتى.

«بۇ تۈلكىنىڭ ئۇۋىسىمۇ قانداق؟» دەپ ئويلىدى شوخ ئوغلاقچان. سېرىق تۈمشۇق ئۆردەك چۈجىسى باقمىچىلىق ئىشلىرىنى تولۇق ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغۇچە، بىر تۈلكە ئۇ-نىڭ توخۇلىرىغا ئۆگىنىپ قاپتىكەن، شۇ تۈلكە بولۇپ قال-مىسۇن يەنە، ئەگەر شۇ بولۇپ قالىدىغان بولسا تازا كۆڭۈل-دىكىدەك بىر ئوۋ بولۇپ قالاتتى.

شوخ ئوغلاقچان قولىدىكى مىلتىقنى توغرىلاپ، كامارغا يېقىنلىشاي دەپ تۇرۇشىغا، كاماردىن بىر مەخلۇق چىقتى.

شوخ ئوغلاقچان ئۆزى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئۇ مەخلۇققا قاراۋاتاتتى. شۇ ئارىدا ئۇ مەخلۇقمۇ ئۇنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، خۇددى ئۇنىڭدىن خەۋپسىرەپ ئۇۋىسىغا قېچىپ كەتمەكچى بولغاندەك ئارقىسىغا ئۆرۈلدى. ئاندىن كېيىن نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى سەزمەي قالدى. ئۇ مەخلۇق

تەرەپتىن ئېتىلىپ كەلگەن تۇمانسىمان بىر گاز ئۇنىڭغا ئۇرۇلۇپ كۆزلىرى ئېچىشىپ كەتتى ۋە نەپسى قىيىنلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى.

ئۇ شۇ ھالەتتە قانچە ئۇزۇن ياتقانلىقىنى بىلمەيتتى، بىر چاغدا كۆزىنى ئېچىپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ھېلىقى مەخلۇق كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئۇۋىسىغا كىرىپ كەتتىمۇ ياكى باشقا تەرەپكە كەتتىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ مىلتىقىنى ھاسا قىلىپ ئارقىسىغا ياندى. ماغدۇرسىز پۇتلىرىنى تەستە يۆتكەپ دۇمبەلىنىڭ يانتۇ تەرىپىگە بېرىشىغا ئۇدۇلدىن كېلىۋاتقان تاغىل ئاسلان بىلەن دوقۇرۇشتى.

— ھەممىمىز سېنى ئىزدەپ يۈرىمىز. سەن بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتاتتىڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

شوخ ئوغلاقجان گەپ قىلمىدى. گەپ قىلغۇدەك ھالىمۇ يوق ئىدى. ئۇ تاغىل ئاسلان ئۆزىنىڭ يېنىغا كېلىشىگە ئۆزىنى تاشلىۋەتتى. تاغىل ئاسلان ئۇنى ئىتتىك يۆلىۋالدى.

— نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدى تاغىل ئاسلان ۋە ئۇنى دۇمبەلىنىڭ يانتۇ يېرىدىكى تەكشى گىلەمدەك قويۇق ئوت - چۆپ ئۈستىگە ياتقۇزدى.

— نېمە ئىش بولغانىنى مەنمۇ ئۇقالماي قالدىم، — دېدى ئۇ، — بۇ ئىش ماڭا خۇددى چۈشتەكلا تۇيۇلۇۋاتىدۇ.

تاغىل ئاسلان بىرنەچچىنى ئىسقىرتتى. بۇ باشقىلار بىلەن كېلىشىۋالغان بەلگە ئىدى.

— شوخ ئوغلاقجان ئاۋارىچىلىككە يولۇقۇپتۇ، — دېدى تاغىل ئاسلان ھەممەيلەن يىغىلىپ بولغاندا.

شوخ ئوغلاقجان ئۆزى ئۇچراتقان «يېشىل ئۆڭكۈر» نى ۋە كاماردىن چىققان غەلىتە مەخلۇقنى سۆزلەپ بەردى.

— بىر سائەت ۋاقىت توشۇپ ئېشىپ كەتكەن چاغدىمۇ ئېگىز دەرەخ يېنىغا بېرىپ بولالمىدىڭ. شۇڭا سېنىڭدىن ئەنسىرەپ بۆلۈنۈپ ئىزدەشكە كىرىشتۇق، — دېدى تاغىل ئاسلان.

— ئوبدانراق ئەسلەپ باققىنا، ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى قانداقراق مەخلۇقكەن؟ — دېدى مۇلايىم قوزىچاق.

— ئۇ مەخلۇقنىڭ قۇيرۇقى تىيىننىڭ قۇيرۇقىدەك پاخپايغان بولۇپ، پۈتۈن بەدىنى قوڭغۇر رەڭ. دۈمبىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ناھايىتى ئېنىق بولغان ئاق سىزىق يوللىرى بار...، — دېدى شوخ ئوغلاقجان ئويلىنىپ، — يەنە بىرى، بۇرنۇمغا پۇرىغان سېسىق پۇراق بەئەينى پالاق توخۇمنىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدىكەن.

— شوخ ئوغلاقجان يولۇقتۇرغان ئۇ مەخلۇق سېسىقكۆزەن ئىكەن، — دېدى قارا كۆز بۇغىچاق، — مەن ئۇ مەخلۇقنى ئوبدان بىلىمەن.

— ئۇنداقتا، بىزگە تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىشىڭنى ئۈمىد قىلىمىز، زوئولوگ ئەپەندى، — دەپ چاقچاق قىلدى كەپىسىز مايمۇنچاق.

— مۇخبىرنىڭ، ساقچىنىڭ، ئىشقىلىپ بۇ يەردە بار بولغان بارلىق دوستلارنىڭ تەلىپىنى ئورۇندايمەن، — دېدى قارا كۆز بۇغىچاقمۇ چاقچاق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ. ئاندىن گېلىنى قىرىپ قويۇپ، سېسىقكۆزەننى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى:

— سېسىقكۆزەن ئاغمىخان ئائىلىسىگە تەۋە بولۇپ، چوڭ - كىچىكلىكى مۈشۈكچىلىك كېلىدۇ. ئۇۋچىلار ئۇنى كۆرگەن ھامان قورقۇشۇپ كېتىدۇ. چۈنكى بۇ خىل ھايۋان

بىرخىل مايسىمان قىزغۇچ سۇيۇقلۇق ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ. ئۇ چىقارغان بۇ سۇيۇقلۇقنىڭ پۇرىقى ناھايىتى سېسىق بول-غاچقا، ئۇنىڭغا «سېسىقكۇزەن» دەپ نام قويۇلغان.

— سېسىقكۇزەن كۆرۈنۈشتە ئانچە قورقۇنچلۇق بولمى-سىمۇ، بىراق ئۇنىڭ چىقارغان سېسىق سۇيۇقلۇقى باشقا ياۋۇز گۆشخور ھايۋانلارنى قورقۇتىدۇ، — دېدى قارا كۆز بۇغىچاق، — بۇ سۇيۇقلۇق بوتانتىئول دېگەن ماددا، كۇنىگە بىر مىللىمېتىردىن ئىشلەپ چىقىرىلىپ مەقئەت بېزىدە ساق-لىنىپ تۇرىدۇ. ئەگەر بىرەر ھايۋان سېسىقكۇزەننىڭ ياماد-لىقىنى بىلمەي ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشۇپ قالسا، چوقۇم مەغ-لۇپ بولىدۇ. مۇبادا بىرەر ھايۋان سېسىقكۇزەنگە ھۇجۇم قىلماقچى ياكى ئۇنى قوغلىماقچى بولسا، ئۇ قاچمايدۇ ھەمدە ھېچ نەرسە بولمىغاندەك يۇمشاق تۇكلۇك قۇيرۇقىنى كۆتۈ-رۈپ رەقىبىگە ئارقىسىنى قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ. رەقىبى ئۇ-نىڭغا يېقىنلاشقاندا، ئالدى پۇتىدا تىرەپ تۇرۇپ، قارشى تەرەپكە سېسىق سۇيۇقلۇقنى پۇركۇيدۇ. پۇركۇش تۆت مې-تىرچە دائىرىگە بارالايدۇ. نەتىجىدە رەقىبىنىڭ نەپسىنى قىيىنلاشتۇرۇپ، بېشىنى قايدۇرۇپ مەغلۇپ قىلىدۇ. كى-يىمگە بۇ خىل سېسىق پۇراق تېگىپ كەتسە بىرنەچچە ئايغىچە بۇ خىل سېسىق پۇراق يوقالمايدۇ. ئەگەر بۇ خىل سېسىق كۆزگە كىرىپ كەتسە ئېچىشتۇرۇپ ياش ئاققۇزۇۋېتىدۇ. بەزىدە قارشى تەرەپ بىرمەھەل ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيدۇ، ھەتتا قارىغۇ بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن مەيلى ئىنسان-لار، ياكى ھايۋانلار بولسۇن سېسىقكۇزەنگە يېقىنلىشىشقا جۇرئەت قىلالمايدۇ.

— سېسىقكۇزەن ھەقىقىي ھايۋانلار پادىشاھى بولۇشقا

مۇناسىپ، — دېدى شوخ ئوغلاقچان. ئۇ سېسىقكۆزەننىڭ يامانلىقىنى ئۆزى بىۋاسىتە كۆرگەنىدى. كۆپچىلىكمۇ باشقا قارشى پىكىر بىلدۈرمىدى.

— مەن شوخ ئوغلاقچاننىڭ تېزرەك ئەسلىگە كېلىشىگە ياردەم بېرەلەيدىغان دورا ئۆسۈملۈكى تېپىپ كېلەي، — دېدى مۇلايىم قوزىچاق.

— سىلەر مېنىڭ «يېشىل ئۆڭكۈرۈم» نى زىيارەت قىلىشنى خالىمامسىلەر، — دېدى شوخ ئوغلاقچان كۈلۈپ.

شوخ ئوغلاقچاننىڭ كۆزى ھېلىمۇ ئېچىشىۋاتاتتى، نەپىسىمۇ نورمال ئەمەس ئىدى.

كۆپچىلىك ئۇنى يۆلەپ، ئۇ كۆرسەتكەن يول بىلەن «يېشىل ئۆڭكۈر» گە قاراپ ماڭدى.

— مېنىڭ سېسىقكۆزەننى كۆرگۈم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى تاغىل ئاسلان شوخ ئوغلاقچان سېسىقكۆزەننىڭ ئۆۋىسىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن.

— مۇشۇنداق يامان ھايۋاننىڭ ئۆۋىسىغا يېقىن كېلىپ، ئۇنى كۆرەلمەي كېتىپ قالساق چوقۇم ئارماندا قالىمىز، — دېدى كەپسىز مايمۇنچاق.

— ئۇنى بىز بىر ئامال قىلىپ ئۆۋىسىدىن چىقىرايلى، — دېدى ئۇزۇن توكلۇك كۈچۈك.

— ھاي - ھاي! ئۆزۈڭلارنى بېسىۋېلىڭلار، — دېدى شوخ ئوغلاقچان. ئۇ دوستلىرىنىڭ زىيان تارتىپ قېلىشىغا چىداپ تۇرالمايتتى.

— ھايۋانلار پادىشاھىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويىماڭلار، — دېدى سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چوجىسى نەسىھەت قىلىپ.

— بىز جىق تۇرساق نېمىدىن قورقاتتۇق، — دېدى تاغىل ئاسلان.
— «جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولماس» دەپ-تىكەن، — دېدى مۇخبىر لىق قىلىپ يۈرۈپ تەۋەككۈلچىلىك-نى ياخشى كۆرۈپ قالغان كەپسىز مايمۇنچاق، — مەن ئۇنى سۈرەتكە تارتىپ گېزىتىمىزنىڭ ئەڭ قىزىقارلىق خەۋەرلەر بېتىدە ئېلان قىلىمەن.
ئۇ يېنىدىن ئايرىمايدىغان فوتو ئاپپاراتىنى قولىغا ئال-دى. سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسى شوخ ئوغلاقجاننى يۆلەپ تۇردى. تاغىل ئاسلان، ئۇزۇن تۇكلۇك كۈچۈك، قارا كۆز بۇغىچاق قاتارلىق ئۈچى مۈرىسىدىكى قورالنى ئېلىپ، قورالنىڭ ستۋولىنى ئاغزى قارىيىپ تۇرغان كامارغا توغرىلىدى. مۇلايىم قوزىچاق بولسا تېخى يېتىپ كېلەلمىگەنىدى.
ئۇلار كامارغا ئاستا يېقىنلاشتى. ئۆزىگە كېلىۋاتقان خەۋپنى ئاللىقاچان سېزىپ بولغان سېسىقكۆزەن كامارنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ تەييارلىنىپ تۇرغان ئىدى. ئۇشتۇمتۇت تۇ-مانسىمان سېسىق سۈيۈقلۇق پۈركۈلۈپ چىقتى. كۆپچىلىك قورالنى تاشلاپ، بۇرنىنى ئەتكىنىچە ئارقىغا چېكىندى. ئۇۋىسىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىدىن چۆچۈگەن سېسىق-كۆزەن سىرتقا قېچىپ غول چاتقاللىققا كىرىۋالماقچى بول-دى. ئۇ ئوچۇقچىلىقتا تۇرۇپ قالغان ئاشۇ نەچچە دەقىقە ۋاقىت ئىچىدە نەدىندۇر پەيدا بولغان بىر قارچىغا ئوقتەك چۈشۈپ ئۇنى تۇتۇۋالدى ـ دە، ئۇنى مەھكەم چاڭگاللىغان پېتى كۆتۈرۈپ كەتتى. سېسىقكۆزەنىنىڭ جان تالىشىپ چىر-قىرىغان ئاۋازى خېلىدىن كېيىن يوقىدى.

— سىسىقكۈزەن نىمىدىگەن يامان، — دىدى سىرىق تۈمشۇق ئۆردەك چۈجىسى. ئۇ ئارىلىق يىراقراق بولغاچقا، دوستلىرىنىڭ خەۋپ - خەتەرگە ئۇچرىمىغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ كەتكەنىدى.

— بۈركۈت، قارچىغا قاتارلىق قۇشلار ھاۋادىن تۇيۇق-سىز ھۇجۇم قىلىدىغان بولغاچقا، سىسىقكۈزەن يەل قويۇۋې-تىشكە ئۈلگۈرەلمەيدىكەن، — دىدى قارا كۆز بۆغىچاق.

— ئەمدى ھايۋانلار پادىشاھىنى قارچىغا دېيىش كېرەك-مۇ؟ — دىدى شوخ ئوغلاقچان.

— ھايۋانلار پادىشاھى زادى كىم؟ مەن گاڭگىراپلا قالدىمغۇ، — دىدى ئۇزۇن تۈكلۈك كۈچۈك.

— بۇنى كونكرېت جۇغراپىيىلىك ئورۇن ۋە ئېكولوگى-يىلىك مۇھىت بويىچە تەھلىل قىلىپ ھۆكۈم قىلىش كې-رەك، — دىدى قارا كۆز بۆغىچاق.

— توغرا، — دىدى تاغىل ئاسلان، — ئوخشاش بولمى-غان شارائىت، ئورۇن، ۋاقىت قاتارلىقلارنىڭ ھەرقايسىسى-دا ھايۋانلارنىڭ ئۆزىنىڭ پادىشاھى بولىدۇ.

— خۇددى «تاغدا يولۋاس بولمىسا، مايمۇن پادىشاھ» دېگەندەكمۇ، — دىدى ئۇزۇن تۈكلۈك كۈچۈك.

— ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، مەن سىسىقكۈزەننى سۇ-رەت تارتىشقا ئۈلگۈرەلمىدىم، — دىدى كەپىسىز مايمۇنچاق يۇمۇرلۇق قىلىپ.

كۆپچىلىك كۈلۈشتى.

— قاراڭلار، — دىدى سىرىق تۈمشۇق ئۆردەك چۈجى-سى باشقا بىر نىشاننى كۆرسىتىپ، — دوختۇر ياردەمچىسى مۇلايىم قوزىچاق بىر قۇچاق چۆپ دورىسىنى كۆتۈرۈپ كېلى-

ۋانىدۇ. بىراق ئۇ سىلەرنىمۇ داۋالاشقا توغرا كېلىدىغان
ھادىسىنىڭ يۈز بېرىشىگە تاس قالغانلىقىنى بىلمەيدۇ ـ دە.

## چاشقاننىڭ غەلىتە ئۆلۈمى

مۇلايىم قوزىچاق خىزمەت ئالدىراشلىقى تۈپەيلىدىن
سېرىق تۈمشۈق ئۆردەك چۈجىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ باقمىغى-
لى ئۇزۇن بولغانىدى. سېرىق تۈمشۈق ئۆردەك چۈجىسى
باقمىچىلىق مەيدانىدا ئىشلەۋاتقان مەزگىللىرىدە ئىشتىن بو-
شىنالماي ئۇنىڭغا ياردەم بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى ئە-
يىبلىك ھېسابلاپ ئىنتايىن خىجىل بولۇپ يۈرەتتى. سېرىق
تۈمشۈق ئۆردەك چۈجىسىنى كۆرسىلا بىر خىل قورۇنۇش
ئىچىدە قالاتتى. شۇڭا ئۆزىنى ئۇنىڭدىن قاچۇرىدىغان بولۇپ
قالغانىدى. بۇنداق بولۇۋەرسە ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى تېخىمۇ
يىراقلىشىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى ئىزدەشمىسە
يېقىن تۇغقانلارمۇ ياتلىشىپ كېتىشى، دائىم ئىزدىشىپ يۈر-
سە ئادەتتىكى دوستلارمۇ بىر تۇغقان قېرىنداشلاردىن چارە
يېقىن بولۇپ كېتىشى بار ئىش ئىدى، ئەلۋەتتە.
مۇلايىم قوزىچاق سېرىق تۈمشۈق ئۆردەك چۈجىسىنىڭ
«ماڭا ياردەملىشىپ بەرمىدى» دەپ ئاغرىنمايدىغانلىقىنى،
ھەرگىزمۇ كۆڭلىگە كەلتۈرمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ،
ئۆز ـ ئۆزىدىن خۇدۇك ئېلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتقىنى-
دىن كېيىنكى مەزگىللەردە بوش ۋاقتى چىققان چاغدىمۇ
ئۇنى ئىزدىمىگەنلىكىدىن، كۆرۈشكە بارمىغانلىقىدىن نومۇس
ھېس قىلدى. دوستلۇققا مۇخالىپ ئىش قىلىپ قويغانلىقى-

دىن قاتتىق ئۆكۈندى ـ دە، قەتئىي قارارغا كېلىپ سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسىنىڭ ئۆيىگە باردى.

— خوش كەپسەن، قەدىرلىك دوستۇم، — دېدى سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسى ئۇنى قىزغىن قارشى ئېلىپ ۋە ئۇنى سەممىي قۇچاقلاپ تۇرۇپ.

سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسى مۇلايىم قوزىچاقنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتكەن ۋە شۇ خۇشاللىقىدا نېمە قىلارىنى بىلمەي تەمتىرەپلا قالغانىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل مۇئامىلىسىدىن مۇلايىم قوزىچاق بەكلا ئوڭايسىزلىنىپ كەتتى، يۈزلىرى ھۆپپىدە قىزاردى. ئۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلاپ كەتكەن ۋە كۆڭلىگە كەلتۈرمىگەن ئىشلار ئاز قالغان بىلەن ئۇنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق ھېچقانداق باشقىچە خىيالدا بولمىغانلىقىنى سەزدى. ئەمەلىيەتتىمۇ سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسى ئۇنى بەكلا ئالدىراش بولۇپ كەتتى دەپلا چۈشىنىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭغا ياردەملەشكىلى قارا كۆز بۇغداچاق، شوخ ئوغلاقجان، ئۇزۇن توكلۇك كۈچۈك قاتارلىقلار كەلگەندىمۇ «ئۇلارنى ئاۋارە قىلىپ قويدۇم» دەپ ئويلىغان ھەم ئۇلاردىن چەكسىز مىننەتدار بولغان، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئىشتىن باش كۆتۈرەلمەيدىغان مۇلايىم قوزىچاق، تاغىل ئاسلان قاتارلىق دوستلىرىغا ياردەمدە بولالمىغانلىقىدىن، ئۇلارنىڭ يۈكلىرىنى ئازراقمۇ يەڭگىللىتىپ بېرەلمىگەنلىكىدىن ئۆزىنى ئەيىبلەپ يۈرەتتى.

مۇلايىم قوزىچاق بۇلارنى ھېس قىلىپ، قەلبى پاك، داغ ـ ئېۋەندىن خالىي بۇ دوستىدىن ئىنتايىن تەسىرلەندى. ئۇلار ھال ـ ئەھۋاللىشىپ، مۇڭدىشىپ بىردەم ئول-

تۇرغاندىن كېيىن، مۇلايىم قوزىچاق ئۇنىڭ باقمىچىلىق مەيدانىنى كۆرۈپ باقماقچى بولدى.

«ۋاي ـ ۋۇي، نېمانچە كۆپ توخۇلار بۇ!» دەپ ئويلىدى مۇلايىم قوزىچاق. ئۇ، سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۇجىسىنىڭ باقمىچىلىق مەيدانىنى قۇرۇپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇنچىلىك كېڭەيتىپ بولۇشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. بۇنىڭغا قانچىلىك دەرىجىدە زېھنىي كۈچ ۋە غەيرەت ـ شىجائەت سەرپ بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلماق ئانچە قىيىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە دوستىغا بولغان قايىللىق، ئاپىرىن ھېس ـ تۇيغۇلىرى قايناپ تاشتى.

مۇلايىم قوزىچاق تۆمۈر رېشاتكىلىق مەيدانىنى ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ بىر تەرىپىدە تۇرغان سىمدىن توقۇلغان بىرمۇنچە قەپەستىكى مەخلۇقلارنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— بۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى مۇلايىم قوزىچاق سىم قەپەس ئىچىدىكى تېنى ئىنچىكە ۋە ئۇزۇنچاق، يۇڭىنىڭ رەڭگى قوڭۇر سېرىق ياكى ئالتۇن رەڭ سېرىق، پاخپايغان ئۇزۇن قۇيرۇقى بار مەخلۇقنى كۆرسىتىپ.

— ئاغمىخان، — دېدى سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۇجىسى.

— بۇ ھېلىقى سېسىقكۆزەن بىلەن بىللە ئاغمىخان ئائىلىسىگە كىرىدىغان ھايۋان شۇمۇ؟

— دەل شۇ.

— مەن ئاغمىخاننىڭ ياشاش ئادىتىنى ئانچە بىلمەيدىكەنمەن، — دېدى مۇلايىم قوزىچاق.

— ئاغمىخان كاماردا ياشاشقا ئادەتلەنگەن. ئۇ ئۇۋىسىنى دائىم ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىغا، جىلغا ياقىلىرىغا، چاتقاللار

ئىچىگە، دەرەخ كامارلىرىغا ياكى كىرەكسىز نەرسىلەر دۆۋى-
سى ئىچىگە ياسايدۇ. ئۇ كۈندۈزى دەم ئېلىپ، كېچىسى
سىرتقا چىقىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. ھەرىكەت قىلغان چاغدا
بەدىنىنى تەبىئىي ھالدا سوزۇپ كىچىك تۆشۈكلەرگە كىرە-
لەيدۇ. يۇگۈرۈش سۈرئىتى ئىنتايىن تېز بولۇپ ھەرىكىتى
خۇددى يىلاننىڭكىگە ئوخشايدۇ، — دېدى سىرىق تۇمشۇق
ئۆردەك چۈجىسى، — ئاغمىخاننىڭ پۇراش ۋە ئاڭلاش سېزى-
مى ناھايىتى ئۆتكۈر. ئۇ چاشقان تۇرىدىكىلەرنىڭ تەبىئىي
دۈشمىنىدۇر. ئاغمىخان پۇراقتا ئاساسەن كامار ئىچىدە چاش-
قان بار - يوقلۇقىغا ھۆكۈم قىلالايدۇ. ئۇ چاشقان بارلىقىنى
بايقىغان ھامان تېزلىكتە چاشقان ئۇۋىسىغا كىرىپ بىر ئۇۋا
چاشقاننىڭ ھەممىسىنى بىراقلا يوقىتالايدۇ، ئاغمىخاننىڭ
چاشقان تۇتۇش ھەرىكىتى ناھايىتى تېز بولۇپ، چاشقاننىڭ
بېشىنى چىشلەپلا بىراقلا يۇتىۋېتىدۇ. بەزىدە ئۇ چاشقاننىڭ
تۆت پۇتىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېتىپ ئۇنى سۆرەپ ئۇۋىسىغا
ئەكىرىپ بالىلىرىغا بېرىدۇ ياكى قىشتىن ئۆتىدىغان ئوزۇق
قىلىدۇ.

— سەن ئۇنى چاشقان تۇتقۇزۇش ئۈچۈنلا باقمىغانسەن؟

— خەلقئارا بازاردا ئاغمىخان تېرىسى ئەتىۋارلىق نەرسە
سۈپىتىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. ئاغمىخاننىڭ تېرىسىنىڭ
تۈكلىرى زىچ ھەم پارقىراق، تېرىسى يۇمشاق، چىدامىلىق
كېلىدۇ. ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلىگەندىن كېيىن ئەلا سۈپەت-
لىك خۇرۇم مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپ چىققىلى بولىدۇ. ئاغ-
مىخاننىڭ قۇيرۇق تۈكىنىڭ ئېلاستىكلىقى، سۇمۇرۇشچان-
لىقى ياخشى بولۇپ، سۈركىلىشكە چىدامىلىق كېلىدۇ. ئۇ-
نىڭدىن ئەلا سۈپەتلىك يۇڭ قەلەم ھەم ماي بوياق رەسىملەرنى

سىزىدىغان يۇك قەلەملەرنى ياسىغىلى بولىدۇ.

— ھە، ئېسىمگە كەلدى، ئاغمىخاننى زىياندىش، توخۇ ئوغرىسى دەپ ئاڭلىۋېدىمغۇ، ئەگەر دىققەت قىلمىساڭ، ئۇ-لار قەپەستىن چىقىپلا كەتسە توخۇلىرىڭغا چاڭ سېلىپ، ساڭا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىشى مۇمكىن، — دېدى مۇلايىم قوزىچاق.

— بۇرۇن كىشىلەر ئاغمىخاننى خاتا ھالدا زىياندىش، توخۇ ئوغرىسى دەپ قاراپ، ئۇنى كۆرسىلا ئۇرۇپ ئۆلتۈ-رۇپ، ئاغمىخان تېرىسىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ۋە سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزۈپ بۇ بايلىقتىن تولۇق پايدىلانمىغان. ئاغمى-خان زادى توخۇ ئوغرىسىمۇ، ئەمەسمۇ؟ ئىلمىي تەتقىقات خادىملىرى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تۇتۇپ كېلىنگەن بەش مىڭدىن ئارتۇق ئاغمىخاننىڭ ئىچ - باغرىنى يېرىپ كۆرۈپ، پەقەت ئىككىسىنىڭ ئاشقازىنىدىلا توخۇ سۆ-ڭىكىنىڭ بارلىقىنى بايقىغان.

تەتقىقات خادىملىرى يەنە سۈنئىي ئۇسۇلدا بېقىۋاتقان ئاغمىخانلار ئۈستىدە مۇنداق بىر تەجرىبە ئېلىپ بارغان: ئاغمىخان بېقىلىۋاتقان قەپەسكە بىرىنچى كۈنى ئاخشىمى تى-رىك توخۇ بىلەن تاسمىبېلىقنى قويۇپ قويغان. نەتىجىدە ئاغمىخان پەقەت تاسمىبېلىقنىلا يەپ توخۇنى يېمىگەن. ئىك-كىنچى كۈنى ئاخشىمى قەپەسكە تىرىك توخۇ، تىرىك كەپ-تەر، چاشقان ۋە تومۇزغا قويۇپ قويغان. ئاغمىخان چاشقان ۋە بىر قىسىم تومۇزغىلارنى يەپ توخۇ بىلەن كەپتەرگە چېقىلمىغان. ئۈچىنچى كۈنى ئاخشىمى قەپەسكە يەنە تىرىك توخۇ بىلەن تىرىك كەپتەرنى قويۇپ قويغان. ئاغمىخان كەپ-تەرنى يەپ توخۇنى يېمىگەن… بەشىنچى كۈنى قەپەسكە پە-

قەت توخۇنىلا قويۇپ قويغان. ئاغمىخان باشقا يەيدىغان نەرسە بولمىغانلىقتىن توخۇنى يەپ قورسىقىنى تويدۇرغان. ئاغمىخان توخۇ ئوغرىسى ئەمەس، بەلكى پايدىلىق هايۋان.

— ئۇنى بېقىش بەك قىيىندەك قىلىدۇ، — دېدى مۇلايىم قوزىچاق.

— ئاغمىخان تېرىسىنىڭ مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرۇش ئۇچۇن هازىر كىشىلەر تۇتۇپ كەلگەن ئاغمىخاننى قولدا بېقىشقا باشلىدى، — دېدى سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسى، — ئاغمىخاننى باقىدىغان قەپەز سىمدىن ياكى ياغاچتىن ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ ئوزۇقلىنىشىغا خىلمۇ خىل نەرسىلەرنى، گۆشلۈك ۋە گۆشسىز نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ بەرسە بولىدۇ. گۆشلۈك يېمەكلىكلەردىن چاشقان، قۇشقاچ، قۇش بالىلىرى، يىلان، تومۇزغا، سازاڭ، كىچىك بېلىق، چېكەتكە، هەر خىل قۇش ۋە هايۋانلارنىڭ گۆشى هەم ئىچكى ئەزالىرىنى بەرسە بولىدۇ. گۆشسىز يېمەكلىكلەردىن كېپەك، كۆممىقوناق، ياڭيۇ، تاتلىقياڭيۇ، مېۋە، كۆكتات تۇرىدىكىلەرنى بەرسە بولىدۇ. هەربىر ئاغمىخانغا كۈنىگە بىر يۈز ئەللىك ـ ئىككى يۈز گىرام گۆشلۈك يېمەكلىك ۋە يۈز ـ بىر يۈز ئەللىك گىرام گۆشسىز يېمەكلىك ئەتىگەن ـ كەچتە ئىككى قېتىمغا بۆلۈپ بېرىلىدۇ. ئەتىگەندە بېرىلىدىغان يەمنىڭ مىقدارى قىرىق پىرسەنت، كەچتە بېرىلىدىغىنى ئاتمىش پىرسەنت بولىدۇ.

— ئۇنىڭ كۆپىيىش ئەھۋالىچۇ؟

— قىش پەسلىنىڭ ئاخىرى ۋە باش ئەتىياز ئاغمىخاننىڭ جۈپلىشىدىغان مەزگىلى. چىشى ئاغمىخان دائىم باهارنىڭ ئاخىرى، يازنىڭ بېشىدا تۇغىدۇ. ئاغمىخان بالىلىرى

تۇغۇلۇپ بىر ئايدىن كېيىن ئاندىن كۆزىنى ئاچىدۇ. بۇ چاغدا ئۇلارنى ئانىسىنى ئېمىشتىن ئايرىپ باشقا قەپەستە باقسا بولىدۇ. ئۇلار ئون ئايدىن كېيىن يېتىلگەن ئاغمىخانغا ئايلىنىدۇ.

— ئاغمىخاننىڭ تېرىسى قايسى ۋاقىتتا ئەڭ ياخشى بولىدۇ؟ — مۇلايىم قوزىچاق يەنە سورىدى.

— ئاغمىخان ھەر يىلى ئەتىياز ۋە كۈزدە بىر قېتىمدىن تۈك تاشلايدۇ، ئەتىيازدا قىشلىق تۈكىنى تاشلىغاندىن كې- يىن شالاڭ ۋە قىسقا يازلىق تۈكى ئۆسۈپ چىقىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ تېرىسىنىڭ قىممىتى بولمايدۇ. كۈزدە يازلىق تۈكلى- رىنى تاشلىغاندىن كېيىن زىچ ھەم قېلىن قىشلىق تۈكى ئۆسۈپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ قىشلىق تۈكى يالتىراق، تىۋىتى قويۇق، رەڭگى ئاپئاق ۋە چىداملىق بولۇپ، سۈپىتى ئىنتا- يىن ئېسىل بولىدۇ. شۇڭا ھەر يىلى بىرىنچى ئايدا ئاغمىخا- نىڭ قىشلىق يۇڭى ئۆسۈپ چىققاندا ئاندىن ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تېرىسىنى سويۇۋېلىش لازىم.

— ساڭا ئامەت تىلەيمەن، دوستۇم، يارايسەن، ئىشلى- رىڭنى بىر ئىزدا توختىتىپ قويماي يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇ- رۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن، — مۇلايىم قوزىچاق سېرىق تۇم- شۇق ئۆردەك چۈجىسىنى چىن قەلبىدىن تەبرىكلىدى.

— ساڭىمۇ مۇۋەپپەقىيەت يار بولسۇن، دوس- تۇم، — دېدى سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسىمۇ، — مەنمۇ سېنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ دوختۇر پىلغا ئوخشاش شان - شەرەپ قۇچۇشۇڭنى، ئەلنىڭ ھەقىقىي ھۆرمىتىگە ئېرىش- كەن «ئاق خالاتلىق پەرىشتە» لەردىن بولۇپ چىقىشىڭنى ئار- زۇ قىلىمەن.

ئۇلار باقمىچىلىق مەيدانىغا قوشنا ئورمانلىقتا يەنە بىر-دەم ئايلانغاندىن كېيىن قايتىپ ماڭدى.

— بۇ يەردە بىر ئۆلۈك چاشقان تۇرىدىغۇ، — دېدى سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسى چۆپلۈك ئارىسىدا ياتقان بىر چاشقاننى كۆرۈپ.

— گەرچە، بۇ بىر زىيانداش بولسىمۇ، ئۆلگەنىكەن، قانۇن بويىچە بىر ياقلىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، — دېدى مۇلايىم قوزىچاق.

— مەن ساقچى ئىدارىسىگە بېرىپ تاغىل ئاسلانغا خەۋەر قىلاي، ئۇ كېلىپ تەكشۈرۈپ باقسۇن، — سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسى شۇنداق دەپلا ساقچى ئىدارىسى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى ۋە هايال ئۆتمەيلا تاغىل ئاسلاننى باشلاپ كەلدى.

تاغىل ئاسلان بىلەن مۇلايىم قوزىچاق ئۆلۈك چاشقاننى ئەستايىدىل تەكشۈردى. چاشقاننىڭ ئۆلۈمى ئىنتايىن غەلىتە ئىدى. بىرەرى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەنمىكىن دېسە، ھېچقانداق يېرىدە جاراھەت ئىزى بايقالمىدى. زەھەرلەندىمىكىن دېسە، زەھەرلەنگەنلىكىنىڭ ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى، قېرىپ ئاجىز-لىغان سەۋەبلىك ئۆلدىمىكىن دېسە، ئۇنىڭ ياپياش ئىكەنلى-كى ئېنىقلا ئىدى.

— مەن بۇنداق ئەھۋالنى ئەزەلدىن ئۇچرىتىپ باقمى-غان، — دېدى مۇلايىم قوزىچاق قاتتىق هەيران بولۇۋاتقىنى-نى يوشۇرالماي.

— مەنمۇ شۇنداق، — دېدى تاغىل ئاسلانمۇ، — مەيلى نېمىلا بولمىسۇن بۇنىڭدا بىر سىر بار. مەن نەق مەيدان ئەتراپىنى بىرقۇر كۆزىتىپ تەكشۈرۈپ باقاي.

تاغىل ئاسلان چاشقاننىڭ ئۆلۈكى تېپىلغان يەرنىڭ ئەت-راپىغا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. ئۇ بىرنەچچە توپ ئۆ-سۈملۈك غۇژمەك بولۇپ ئۆسكەن يەرگە كېلىپ ئۇلارنى ئاستا قايرىشىغا، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈۋىدىن ئۇزۇن قۇيرۇقى سۆرىلىپ تۇرىدىغان بىر كىچىك مەخلۇق چىقىپ قاچتى.

تاغىل ئاسلاننىڭ شۇئان ئۇ كىچىك مەخلۇققا قارىتا گۇمانى قوزغالدى ـ دە، بىرلا سەكرەپ ئۇنىڭغا يېتىشىپ قۇيرۇقىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ مەخلۇقنىڭ قۇيرۇقىلا قولىدا قېلىپ، ئۆزىنىڭ قېچىپ كېتىشىنى قىلچە ئويلىمىغانىدى. شۇڭا قەھر ـ غەزىپى قاتتىق ئۆرلەپ ئۇ مەخلۇقنى يەنە قوغلاپ ماڭدى. ئالدىنقى قېتىمقى ساۋاق ئېسىدە بولغاچقا، بۇ قېتىم ئۇنى بوينىدىن چىڭ قىسىپ تۇتتى.

— مېنى قويۇۋەت، تاغىل ئاسلان، مەن ھېچقانداق گۇناھلىق ئىش قىلمىدىم، — دېدى ئۇ مەخلۇق، ئۇنىڭ كۆزى چوڭ بولۇپ، يەنە سىرتقا چىقىقلىق بىر قەۋەت قېلىن قاپىقى بار ئىدى. ھەر ئىككى كۆزى ئۆز ئالدىغا يالغۇز ھەرىكەتلىنەلەيدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ بىر كۆزى ئالدىغا قا-رىسا، يەنە بىر كۆزى كەينىگە قارايتتى.

— گۇناھلىق ئىش قىلمىساڭ نېمىشقا قاچىد-سەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى تاغىل ئاسلان. ئۇنىڭ بايىقى ئاچ-چىقى تېخى پەسەيمىگەنىدى.

— غۇژمەك ئۆسۈپ كەتكەن بىر توپ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شاخلىرى قايرىلىپ كۈچلۈك شەپە پەيدا بولدى. شۇڭا مەن كۈشەندىلىرىم ھۇجۇم قىلغان ئوخشايدۇ دەپ قاتتىق چۆچۈپ قاچقانىدىم. سەن ئىكەنلىكىڭنى مەن نەدىن بىلەي، — دېدى ئۇ.

— مەن ئۇنى تونۇيمەن. ئۇ ھەرگىزمۇ گۇناھلىق ئىش-لارنى قىلمايدۇ، — دېدى تاغىل ئاسلاننىڭ يېنىغا كەلگەن مۇلايىم قوزىچاق، — ئۇنى قويۇۋەتكىن.

— ئىسمىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى تاغىل ئاسلان ئۇ كىچىك مەخلۇقنى قويۇۋەتكەچ.

— ئىسمىم كەسلەنچۈك، — دېدى ئۇ، قاتتىق قىسى-لىشتىن ئاغرىپ كەتكەن بوينىنى سىلاپ تۇرۇپ.

— سەن مېنى قانداق بىلىسەن؟ — دەپ سورىدى تاغىل ئاسلان يەنە.

— دوستۇم قىسقۇچپاقا سەككىز ئاياغنىڭ زىيانكەشلى-كىگە ئۇچرىغاندا، سەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلىپتىكەنسەن، ئۇ سېنىڭ گېپىڭنى ماڭا كۆپ قىلىپ بەرگەن، سېنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى.

— سەن ئۇنىڭ بىلەن قانداق تونۇشۇپ قالغان؟

— بىزنىڭ كۆشەندىلىرىمىزدىن مۇداپىئەلىنىش ئۇ-سۇللىرىمىز مەلۇم جەھەتتىن ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ ئوخشاش-لىق بىزنى يېقىن سىرداشلاردىن قىلىپ قويغان، — دېدى كەسلەنچۈك بىمالال ھالدا سۆزلەپ.

— كۆشەندىلەردىن مۇداپىئەلىنىش جەھەتتىكى قانداق ئوخشاشلىق ئۇ؟

— قىسقۇچپاقىنىڭ ماڭىدىغان پۇتى بىلەن سۇ ئۈزۈش پۇتلىرىنىڭ ھەممىسى قايتا ئۆسۈپ چىقالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگە بولۇپ، دۈشمەنگە ئۇچراپ قالغاندا، ئۇ كۆپىنچە ئۆزى-نىڭ پۇتلىرىنى بوغۇمىدىن ئۈزۈپ تاشلاپ بىر قېتىملىق ئاپەتتىن ساقلىنىپ قالىدۇ. كۆپ ئۆتمەي ئۈزۈلگەن يېرىدىن قايتىدىن يېڭى پۇت ئۆسۈپ يېتىلىدۇ.

— كەسلەنچۇكنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتقاندا، كەسلەنچۇك-
نىڭ قۇيرۇقىنى ئۇزۇپلا قېچىپ كېتىشى ئۇنىڭ قوغدىنىش
تاكتىكىسى، — مۇلايىم قوزىچاقمۇ گەپكە ئارىلاشتى، —
كۇشەندىسى قوغلاپ كەلگەندە ئۇنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلەيدۇ،
شۇنىڭ ئۇچۇن كەسلەنچۇك قۇيرۇقىنى ئۇزۇۋېتىپ بەدىنى-
نىڭ مۇھىم قىسمىنى زەخىملەندۇرمەي قېچىپ كېتىدۇ،
ئۇزۇلگەن قۇيرۇق ئورنىغا يېڭىۋاشتىن قۇيرۇق ئۆسۈپ چى-
قىدۇ. ھايۋانلار گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدىغان ئەڭ كىچىك
بىرلىك — ھۇجەيرە. ھۇجەيرىلەرنىڭ بەزىلىرى قايتا ئۆ-
سۇش ئىقتىدارىغا ئىگە. كەسلەنچۇك قاتارلىق ھايۋانلار مۇ-
شۇنداق بىر ئالاھىدە ئىقتىدارىغا ئىگە بولغانلىقى ئۇچۇن،
پارچىلانغان يېرى قايتا تولۇقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۆسۈپ چىققان
قۇيرۇق ئىلگىرىكى قۇيرۇق بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. بۇنىڭ-
دىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھايۋانلارنىڭ ئالىي دەرىجىلى-
شىشىگە ئەگىشىپ، قايتا ئۆسۈش ئىقتىدارى مۇناسىپ
تۆۋەنلەيدۇ.
— بۇنداق بولسا مەيلىغۇ، — دېدى تاغىل ئاسلان چاق-
چاق قىلىپ، — كەسلەنچۇككە قۇيرۇق تۆلەيدىغان بولدۇم
دەپ بەك غەم قىلىپ كېتىۋېدىم.
ھەممەيلەن كۇلۇشۇپ كەتتى.
— ئېلىشمىغۇچە تېپىشماس دېگىنى شۇ - دە، — دېدى
سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۇجىسى.
— سىلەر بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتاتتىڭلار؟ — دەپ
سورىدى كەسلەنچۇك.
سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۇجىسى ئۇنىڭغا چاشقاننىڭ
غەلىتە ھالدا ئۆلگەنلىك ۋەقەسىنى سۆزلەپ بەردى.

— سىلەر ھەقىقەتەن بەك ئەستايىدىل ئىكەنسىلەر. شۇنچىلىك ئىشقىمۇ سەل قارىماي ئىشنى ئىنچىكە قىلىدىكەن. سىلەر، — دېدى كەسلەنچۈك، — ئەمدى باش قاتۇرۇپ يۈرمەڭلار، مەن بۇ غەلىتە ئۆلۈمنىڭ سىرىنى ئېيتىپ بېرەي.

ئۇلار كەسلەنچۈكنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدى.

— بەللى، نېمىدېگەن ياخشى ئىش، «كېسەلنىڭ ساقايغۇسى كەلسە تېۋىپ ئۆزى كەپتۇ» دېگەندەك گەپ بولدى، — دېدى تاغىل ئاسلان خۇشال بولۇپ.

— چاشقاننىڭ ئۆلۈمىگە يەنىلا مېنى چېتىشلىق دەپ قاراۋاتامسىز، ساقچى ئەپەندى، — دېدى كەسلەنچۈك كۈلۈپ، — ماڭا تىكىلىپلا قالدىڭىزغۇ، مېنى ئەمدى تۇتماقچى بولسىڭىز ئۆزۈڭ تاشلاپ قېچىپ كېتىدىغان قۇيرۇقۇم يوق جۇمۇ.

كۆپچىلىك يەنە كۈلۈپ كەتتى. تاغىل ئاسلانمۇ ئۇنىڭ بۇنداق ئوچۇق مىجەزىنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى.

— ئاشۇ ۋالاقتەككۈر ئاغزىڭىزدىن بىز يېشەلمىگەن تۇگۈچنىڭ سىرى قاچان چىقاركىن دەپ قاراۋاتىمەن، — تاغىل ئاسلانمۇ چاقچاق قىلدى.

باشقىلارمۇ ئالدىراپ كەتكەنىدى. شۇڭا كەسلەنچۈك كۈلكىسىنى توختىتىپ رەسمىي گەپكە كۆچتى.

— بۇ چاشقان ئۆز ئارا ئېلىشىشتا ئۆلگەن. چۈنكى چاشقانلار بىر - بىرى بىلەن ئېلىشقاندا، قارشى تەرەپنىڭ تېرە گۆشىنى قىلچىلىكمۇ زەخىملەندۈرمەيلا جېنىنى چىقىرىدۇ. بۇ خىل ماھارەت، ئېھتىمال، ھايۋانات دۇنياسىدا چاشقانغىلا مەنسۇپ بولسا كېرەك، — كەسلەنچۈك بىرپەس ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى، — چاشقاننىڭ شۇنداق جېنىنى چىقىرىشتىكى

سەۋەب تابوگونگچە يەنىلا بىر سىر بولۇپ تۇرماقتا. ئۆلگەن چاشقاننىڭ ئىچكى ئەزالىرىدا غەيرىي ئۆزگىرىش بولمايدۇ. ھېچقانداق تاشقى زەخىملىنىش ۋە ئىچكى زەخىملىنىش كۆرۈنمەيدۇ. ئۇلارنى ساغلام تۇرۇپ ئۆلگەن دېيىشكە بولىدۇ.

مۇلايىم قوزىچاقمۇ خىيالغا چۆمگەنىدى.

— ئۇنىڭ ئۆلۈش سەۋەبى كۆچىنىشتىن پەيدا بولغان بولۇشى، يەنى پسىخولوگىيىلىك شوك بىلەن ئۆلگەن بولۇشى مۇمكىن، — دېدى ئۇ.

**图书在版编目(CIP)数据**

小花猫和它的朋友们/巴托尔·达吾提著. —乌鲁木齐:新疆青少年出版社，2002.5
ISBN 7—5371—4097—9

Ⅰ.小… Ⅱ.巴… Ⅲ.童话—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I287.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2002)第 026092 号

责任编辑：再娜甫·穆萨
责任校对：阿布列孜·阿巴斯
迪力亚尔·吐尔逊
封面设计：阿里甫·夏

# 小花猫和它的朋友们（维吾尔文）

（动物童话故事）

巴托尔·达吾提　著

新 疆 青 少 年 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市胜利路100号 邮编：830001）
新 疆 新 华 书 店 发 行
新疆《工人时报》印刷厂印刷
787×1092毫米　32开本　5.25 印张
2002年5月第1版　2002年5月第1次印刷
印数：1—4000

ISBN7－5371－4097－9/I.1970　定价：6.50元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

# تاغىل ئاسلان ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى



ISBN 7-5371-4097-9

ISBN 7 - 5371 - 4097 - 9
I · 1970(民文)定价: 6. 50 元